# تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتىغا بىر نەزەر

ئاتاقلىق سوۋېت قىرغىزستان خەلق يازغۇچىسى، تۈركولوگ چىڭگىز ئەيتماتوف تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈستىدىكى بەزى خاتالىقلارنى تۇنجى قېتىم ئېتراپ قىلىپ، خەلقئارا تۈركشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

چىڭگىز ئەيتماتوف ئىلگىرى قازاقىستان ئەدەبىيات گېزىتىنىڭ 1986 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى سانىغا يازغان بىر ماقالىسىدا: «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەۋەلىكىنىڭ كىمگە يەنى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە باشقىلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنىڭ ئورتاق تۈرك مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى تەبئىيدۇر دېگەنىدى.

چىڭگىز ئەيتماتوفنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدا داۋاملىق سۆزلەپ كەلگەن سۆزلىرى ۋە يېزىپ كەلگەن ماقالىلىرى، ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئامېرىكا مۇخبىرى ژ. ئازلىر 1972 - يىلى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا يازغان بىر خەۋىرىدە: «سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيادا پانتۈركىزم باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ، بۇنىڭ مىسالى، يازغۇچى

رەھبەرلىرى ۋە ئىسا دەۋردە ئۇزۇن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ئاسىيا - ئافرىقا ئەمەلدى...

كوممۇنىست ... لارنىڭ ئوۋلىرىدا يوقىتىپ ئەسكەرلىكنى كۆرگەن ئامېرىكا دائىرىلىرى ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈركمەن بولۇپ، 500 دىن كۆچمەننى ئامېرىكىغا ئېلىپ باردى.

ھازىر ئامېرىكىدىكى «شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى» گە ئەزا بولغانلار تەخمىنەن قىلىپ 2000 دىن ئارتۇق كىشى. قارمىقىدىكى تەشكىلات (دەرنەك) (DERNEK) 21 گە يەتتى. بۇ تەشكىلاتلار ھەر قايسى ئەللەردىكى مەشھۇر پروفېسسورلىرىنى قاتناشتۇرۇپ، تۈركلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

بىزنىڭ قىسمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۈركلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىغا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقانلىقى بىزنى ئەندىشىگە سېلىۋاتىدۇ.

بىز، ئامېرىكا داشۆسىدىكى پروفېسسور كامال ئاراپات ۋە پروفېسسور گۆككۆبولاك ئېلىپ بارغان تۈركلەشتۈرۈشكە ئائىت ھەرىكەتلىرىگە چىن كۆڭلىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

ئالىملار، تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئىدىيىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، ئىسرائىلىيىلەرنىڭ تەسىرىنى تازىلىشى كېرەك.»

ئامېرىكىدىكى بۇ شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، تۈركلەشتۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارماقتا، يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 21 دەرنەك مەخسۇس ئامېرىكىغا تەشۋىق قىلىدىغان تەشكىلات بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا 7 نورۇندا تەشكىل قىلىنغانىدى. ھازىر ئامېرىكىدىكى بۇ تەشكىلاتمۇ ئېنجاڭنى ئوبيېكتنى قىلماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا قارىتا يۈكسەك ھوشيارلىقىمىزنى ساقلىشىمىز لازىم.

چىڭگىز ئەيتماتوفنىڭ ئۆزىنىڭ تۈركشۇناس دوستلىرىنى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشكە چاقىرغانلىقىدۇر» دېگەنىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەۋەللىكىنىڭ پۈتۈن تۈركىي مىللەتلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدە قەتئىي تۇرۇپ كەلگەن چىڭگىز ئەيتماتوف 1988 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى فرونزېدا ئۆتكۈزۈلگەن تۈركشۇناسلارنىڭ 5 - قېتىملىق يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە، ئەۋۋالقى پىكرىگە زىت ھالدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ھازىرقى ۋاقىتتا تۈركشۇناسلىقتىكى چوڭ كەمچىلىكلەرنىڭ بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تۈركىي تىلدىكى خەلقلەرنىڭ ئالىملىرى تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، يازما يادىكارلىقلاردىن تەكشۈرگەندە يۈسۈپ بالاساغۇنى بىلەن ماخمۇت قەشقەرىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەم ئۇلاردىن كېيىن يېزىپ قالدۇرغان يادىكارلىقلارنى ئاساسەن ئۆز خەلقىگە تېگىشلىك قىلىپ كۆرسەتكۈسى كېلىدۇ، ئەمما مېنىڭ پىكرىمچە يۈسۈپ بالاساغۇنى ۋە ماخمۇت قەشقەرى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇيغۇر خەلقىگە تېگىشلىك، ئاندىن باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۇلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىنى شۇلاردىن كېيىن باشلىغان دېسە توغرا بولىدۇ، ھازىر ھەممە ئالىملار ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەڭ قەدىمكى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقتىن، تۈركشۇناسلىقتا يۇرتۋارلىقتىن كۆپ زىيان تارتىش بايقالماقتا».

# تۈركىيىدە بىر قىسىم كىشىلەر يەنىلا «پانتۈركىزم» بىلەن مەشغۇل بولماقتا

1986 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگە قەدەر ئەنقەرە داشۆسى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ كۆلزىبىدا «تۈركولوگلارنىڭ مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇشۇ يىغىن مەيدانىنىڭ «ھەر قايسى مەملىكەتلەردىكى تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر كۆرگەزمىسى»، «زۇلۇمغا قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ بايرىقى ئېسىلدى ۋە جۇڭگوغا قارشى «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى»، «يەسلىك ژۇرنىلى تارقىتىلدى. بىر قىسىم يىغىن ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش، مۇستەقىل قىلىشتىن ئىبارەت ھەرىكىتى ماھىيىتى ئاشكارا بولدى، ھەركۈر مۇھاكىمە يىغىنغا ئەنقەرە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى تالىك، سۈمەر رىياسەتچىلىك قىلدى. يەنە تۈركىيە ئالىي مائارىپ ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، ئەنقەرە داشۆسى بىر قانچە ئاساسىي ئىنستىتۇتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ۋە باشقا داشۆلەرنىڭ پروفېسسورلىرى قاتناشتى.

سۈمەر مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزگە چىقىپ: «ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تۈركلەرنى ئويلاش، مىللىتىمىزنىڭ ۋە ئىنسان-

ھەرۋەرلىكىنىڭ يۈزى ... دېدى.

ئەنقەرە داشۆسى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى شەرق تىل - ئەدەبىيات كافېدراسىنىڭ مۇدىرى دوتسېنت بولات ئوگان (بىز بىلەن دوست ئەرباب ئىكەن) مۇنداق دېدى: «ئۇيغۇر بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى دەستەك قىلىپ، تېخىمۇ ئۇلۇغ كۆچلەرگە ئۆز ھەسسىسىنى ئېيتىش- نى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بۇ يىغىنىنى ئىلمىي جۇڭگو، سوۋېت، بۇلغارىيە، ئىران، سۈرىيە، گرېتسىيە قاتارلىق دۆ- لەتلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، مۇكەممەلى دىپلوماتىيەدە قىيىن ھال- غا چۈشۈرۈپ قويۇشى ئۈچۈندۇر».

ئەنقەرە داشۆسى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى شەرق تىل - ئەدەبىيات كافېدراسىنىڭ خەنزۇشۇناسلىق كەسپىنىڭ مۇدىرى دوتسېنت بەيگىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئىككىسى ئەنقەرە داشۆسىنىڭ مۇدىرى ئۇيغۇر بىلەن ياخشى دوست ئىكەن. بۇ يىغىننى ئەنقەرە داشۆسىلا ئاچقان ئە- مەس، بۇ يىغىن ئەينى ئىشلار مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلى- كىدىكى ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

كۆرگەزمىگە قويۇلغان «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن خەت يې- زىلغان، تامنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇم- ھۇرىيىتى» نىڭ بايرىقى ئېسىلغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈن- چىلەرنىڭ رەسىملىرى كۆرگەزمىگە قويۇلغاندىن سىرت، ئەسەرلىرى چۈ- شەندۈرۈلگەن يېزىلغان.

ئافرىقىدىن كەلگەنلەر ... ئوتتۇرىسىدا غۇلغۇلا، نارازىلىق پەيدا قىلدى. بىرى ۋەكىللەر جۇڭگوغا دۈشمەن- لىك يۈرگۈزۈپ ئۇرۇشقا ... بولمىغاندا، ... قاتناشمايدىغانلىقىنى بىل- دۈرۈپ، بەزىلەر ئەنقەرە داشۆسىدە دەرس ئۆتۈش ھوقۇقلىقىنى ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قاتتىق نارازىلىق بايان قىل-

دى.

تۈركىيىگە دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىنغان ياپونىيە شەرقشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، ياپونىيە توكيو داشۆسىنىڭ پەخرى پروفېسسورى: «بۇ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئەمەس. بەلكى سىياسىي دوكلات يىغىنى ئىكەن، شۇڭا مەن قاتناشمايمەن»، — دېدى.

## تۈركىيىدىكى بەزى ئورگانلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى

1 - شىنجاڭ داشۆدىكى ... نىڭ پاكىستاندىكى ئوغلى سۆبھى تۈركىيە گېنېرالى مەھەممەت رىزابىكىن تەرىپىدىن تۈركىيە ئەنقەرە داشۆسىغە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سۆبھى چەت ئەللەردىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، تۈركىيىنىڭ ئىستانبول قاتارلىق شەھەرلىرىگە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىگە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى بۇرمىلاپ «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش ھەققىدە ئىغۋا تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

2 - تۈركىيىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىي» خىزمەت بىناسىدا بىر زالغا «تۈركىستاننىڭ داھىلىرى» دەپ ئاتالغان مەسئۇت. ئەيسا، مەھەممەت ئىمىن بۇغرا، ساۋۇت داموللا قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى ۋە 1931 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ بايرىقى؛ شۇنداقلا «قازاق، تۈركلىرى ۋەخپىي» تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت بىناسىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە قازاق تۈركلىرىنىڭ «مىللىي قەھرىمانى» دەپ ئاتالغان

باندىت ئوسمان، قالىبەك، جانىمقان قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى ئېسىلغان، بۇ بىناغا يەنە «دۇنيا قازاقلىرى بىر ئائىلە» دېگەن ئىبارىمۇ چاپلانغان.

3 - 1989 - يىلى بېيجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتى قازاق تەھرىر بۆلۈمىدىن تۈركىيىگە كەتكەن مۇختار ئورازبېك «تۈرك دۇنياسى تەتقىقاتى ۋەخپى» دېگەن جەمئىيەتنىڭ ئايلىق ژۇرنىلى «تۈرك دۇنياسى تەتقىقاتى» غا، ۋەتەننى پارچىلاش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ھاقارەتلەش، مۇستەقىللىق دەۋا قىلىشقا دائىر ئالتە پارچە ئەكسىيەتچىل ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇندىن باشقا يەنە تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن بەزى ئىلمىي يىغىنلارغا قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاش ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ھاقارەتلەشتەك ئەسەبىيلەرچە ئىغۋاگەرچىلىك يۈرگۈزمەكتە.

4 - تۈركىيەدىكى «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» نىڭ مەسئۇللىرىدىن خالىفە ئالتاينىڭ «مېنىڭ سەرگۈزەشتەم» دېگەن كىتابى تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان. كىتابتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان، ۋەتەننى پارچىلاش، شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش قاتارلىق ئەكسىيەتچى مەزمۇنلار ئەكس ئېتىلگەن. بۇ ئەكسىيەتچى كىتاب شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغىمۇ تارقىتىلغان.

5 - تۈركىيەدىكى ئەكسىيەتچىلەر، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش، ۋەتەننى پارچىلاشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچى غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدىن تۈركىيىگە بارغانلار ئارىسىدا مەشرەپ شەكلىدە بىر پائالىيەت ئۇيۇشتۇرماقتا. «مەشرەپ» تە، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭ توغرىسىدا ئاخبارات توپلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيىتى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل، ئەنقەرە،

قاماقلىق چوڭ شەھەرلەردە كەڭ داۋاملاشماقتا.

# سوۋېت قازاقىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ئىتتىپاقى» نىڭ ھەرىكەتلىرى

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى ۋە سوۋېت ئەرەب ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى رەھبەرلىك ئەزاسى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلگەن ئەرەبىي گېرمانىيىدىكى «تۈركىستان تەتقىقات ئىنستىتۇتى» (بۇ ئورگان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا بەش رېسپۇبلىكىسى تۇغرۇلۇق مەخسۇس تەتقىق قىلىدۇ) نىڭ باشلىقى پروفېسسور دوكتور [redacted] بىلەن 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 -، 21 -، 23 - كۈنلىرى مەخسۇس سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. بۇ 3 قېتىملىق سۆھبەتتە [redacted] بىرگە مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدا مەلۇمات بەردى.

بىرگە بېرىلگەن مەلۇمات ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

1. سوۋېت قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پايتەختى ئالما ئاتادا 1970 - يىللىرى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان ئىتتىپاقى» دېگەن بىر تەشكىلات قۇرۇلغان، بۇ تەشكىلاتتا رۇس، قازاق، ئۆزبېك، ئۇيغۇر بولۇپ 117 كىشى ئىشلەيدۇ. بۇ تەشكىلاتتا ئىلگىرى زۇنۇن تېيىپ (ئىنجانىدىكى ھارمان) باشلىق ئىدى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن زىيا سەمەدى (ئىنجانىدىكى ھارمان) باشلىق بولدى، سوۋېت ك گ ب نىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئىقتىسادىي ياردىمىنى دوۋزۇل قىلىپ، ئورگان بۇ تەش-

تەشكىلات ھازىر ھەر خىل « ئىلمىي » ۋە « دوستلۇق » نامى ئاستىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ تۈركىيە، غەربىي گېرمانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە شۆبىلىرى ۋە مەخسۇس ئادەملىرى بار. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىدە ئىلگىرى شىنجاڭدىن قېچىپ كەتكەن غەرىپتۇللا (قازاق) باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر « ئازاد شەرقىي تۈركىستان ئىتتىپاقى » تەشكىلاتىغا بىۋاستە باغلىنىدۇ. ئۇيغۇرچىلىق ۋە ئىسلامىي نىقاب ئاستىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان بۇ كىشىلەر، ئىستانبولدىكى « قازاق تۈركلىرى ۋەخپى » تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى دەلىلقان (ئامېرىكىدا ۋە تەيۋەندە تۇرغۇچى) بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. غەرىپتۇللا يەنە تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە ئۇيغۇر، قازاق ۋە تۈركلەردىن تەركىب تاپقان « شەرقىي تۈركىستان ئازادلىقى » دېگەن بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

(2) غەربىي گېرمانىيىدىكى « ئامېرىكا ئازاد رادىيو ئىستانىسى » دا ئىشلەيدىغان تەركىن ئالىپتېكىن (ئەيسانىڭ ئوغلى) « ئازاد شەرقىي تۈركىستان ئىتتىپاقى » تەشكىلاتىنىڭ ياۋروپا شۆبىسىگە ۋەكالىتەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. سوۋېت قازاقىستاندىكى بۇ تەشكىلات بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى دادىسى ئەيسادىن يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان تەركىن ئالىپتېكىن دالاي لاما تەرىپىدىن قۇرۇلغان « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. ئۇ، دالاي تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىنلارغا داۋاملىق قاتنىشىدۇ. تەركىن يەنە ئىستانبولدىكى « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ رەئىسى گېنېرال مەھەممەت رىزابېكىن بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

( 3 ) مەككىدە ئولتۇرۇشلۇق رەخمىتۇللا تۈركىستانى دېگەن كە-
شى ( ئۇيغۇر ) « ئازاد شەرقىي تۈركىستان ئىتتىپاقى » تەشكىلاتىنىڭ
سەئۇدى ئەرەبىستاندا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ۋەكىلى بولۇپ ،
راۋىتول ئىسلام ( دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقى ) تەشكىلاتىنىڭ مۇ
سۇلمانلار جايلاشقان ئەللەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قى-
لىش بۆلۈمىدە ( شۆبىسىدە ) ئىشلەيدۇ . بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇناسىۋەت
دائىرىسى ناھايىتى كەڭ . ئۇلار تۈركىيىدىكى گېنېرال مەھەممەت رىزا-
نىڭ باشچىلىقىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » تەشكىلاتىغا ،
شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن بارغان مۇسۇلمانلارغا ئىقتىسادىي يار-
دەم بېرىدۇ ، ئاتالمىش « شەرقىي تۈركىستان » توغرىسىدا كەڭ كۆ-
لەملىك تەشۋىق ئېلىپ بارىدۇ .

( 4 ) ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيىدە ئىشلەيدىغان غۇلامىدىن پاختا دې-
گەن كىشى « ئازاد شەرقىي تۈركىستان ئىتتىپاقى »نىڭ ئامېرىكا نيو-
يورك شۆبىسىگە ۋە[redacted] ، « ئامېرىكا - تۈركىستان ئى-
يۇشمىسى » نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، « تۈركىستان ئىتتىپاقى » گېزىتى-
نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋەزىپىسى ئارقىلىق پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ .

2 . [redacted] سۆھبەت جەريانىدا ، تۈركىيىدىكى « شەرقىي
تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ باشلىقى گېنېرال مەھەممەت رىزا بىلەن غەر-
بىي گېرمانىيىدىكى ئەركىن ئالپتېكىن قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭدىكى
بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلارنى ئىچكى جەھەتتە ئىنتايىن ما-
تايدىغانلىقى ۋە بۇلارغا زور ئۈمىد باغلايدىغانلىقىنى سۆزلەپ :
« سىلەرنىڭ بۇ زىيالىيلىرىڭلار زادى قايسى تەرەپ ئۈچۈن ئىشلەي-
دۇ ، بىلمىدىم . بۇ ئەھۋالنى ئۆزەڭلار تەكشۈرۈپ كۆرەرسىلەر … »
، - دېدى . [redacted] مۇنۇلارنى ئېيتتى : « قازاقىستاننىڭ ئالما
ئاتا شەھرىدىكى « ئازاد شەرقىي تۈركىستان ئىتتىپاقى » نىڭ باشلى-

قى زىيا سەمەدى ھەر يىلى بىر قېتىم تۈركىيىگە بېرىپ، ئەيسا ئالىپتېكىننىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ، مەخپىي مۇڭدىشىپ كېتىدۇ. ھازىر تۈركىيىدە «شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى» قۇرۇلدى، «شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار ئىتتىپاقى» دېگەن تەشكىلاتمۇ بار. ئافغانىستاندا «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىقى» دېگەن بىر تەشكىلات قۇرۇلغان، ئىككى قېتىم گېزىت چىقارغان. مەن بۇ گېزىتلەرنى كۆرگەن ئىدىم. ئافغانىستان ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىنكى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قالدىم.

3. 1988 - يىلى 4 - ئايدا گېنېرال مۇھەممەت رىزا بىلەن ئەيسا ئالىپتېكىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىستانبۇل تۈركولوگىيە يىغىنىغا غەربىي گېرمانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئامېرىكا ۋە پاكىستاندىن تۈركولوگلار كېلىپ قاتناشقان. غەربىي گېرمانىيىدىن كەلگەن ئەركىن ئالىپتېكىن، ئامېرىكىدىن كەلگەن كامال كاراباتلار قاتارلىق 14 كىشى «شەرقىي تۈركىستان[illegible]» تۇغرۇلۇق سۆزلىگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەركىن بىلەن كامالنىڭ سۆزلىرى جۇڭگوغا قارشى، جۇڭگونى پارچىلاش ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى بۇرمىلاش جەھەتلەردە ئىنتايىن قەبىھ بولغان.

بۇ يىلىنىڭ 9 - ئايىدا ئىستانبۇلدا دۇنيا تۈركولوگلىرىنىڭ 6 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلمەكچى، 900 كىشى قاتناشماقچى. قۇرۇلتايدا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان پۈتۈن خەلق بىر مىللەت دېگەن مەسىلە، تۈركلەرنىڭ تارىخى، تۈركلەرنىڭ ئورتاق تىل - ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيىتى ۋە «شەرقىي تۈركىستان»غا دائىر مەسىلىلەر قارالماقچى.

دوكتور [illegible]چىگەنلىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقات مۇئەسسەسەلىرىنىڭ تۈركىيە ۋە باشقا مەملىكەتلەردىكى بەزى

نەشرىياتلارنىڭ سىنجاڭدىكى بارگاھلار، ... ستىدە ئېلىپ بېرىۋات-
قان ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش لازىملىقى تەكىت-
لەندى.

# «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى ئىغۋاگەرچىلىكى

تۈركىيىدىكى گېنېرال مەھەممەت رىزا بېكىن ۋەتەن خائىنى پانتۈر-
كىست ئەيسا ئالىپتېكىننىڭ ئورنىدا چىقىپ، ئۆزىنى ئۆزى تەيىنلەپ ئاتىۋالغان
«شەرقىي تۈركىستان دەرنىكى» تەشكىلاتىنىڭ ئىسمىنى «شەرقىي تۈر-
كىستان ۋەخپى» گە ئۆزگەرتىپ، «ئاۋازى» نىقاب ئاستىدا جۇڭگوغا
قارشى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ... تۈركىيىنىڭ ھەر
قايسى جايلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ... «ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىن»
لىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچىلەرنىڭ شىنجاڭنى مۇس-
تەقىل قىلىش توغرىسىدىكى ئىغۋاگەرچىلىك خاراكتېرىدىكى سۆز ۋە
ماقالىلىرىنى تۈركچە، ئىنگلىزچە، ئەرەبچە يېزىقلىرىدا نەشر قىلىن-
دىغان «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىدا بېسىپ تارقاتماقتا.
بۇ ئەكسىيەتچى ژۇرنال ئۇزۇنلىغان يوللار ئارقىلىق رايونىمىز شىنجاڭغا
سىڭىپ كىرمەكتە. بۇ، بىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ھوشيارلىقىمىزنى
ئۆستۈرمەي بولمايدۇ.

تۈركىيە گېنېرالى مەھەممەت رىزا بېكىننىڭ رەھبەرلىكىدە نەشر قى-
لىنىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىلى 1-
سانىدا ۋەتەن خائىنى پانتۈركىست ئەيسانىڭ ئوغلى ئەرقىن ئالىپ-
تېكىننىڭ «ئامېرىكا كونگرېسىغا سۇنۇلغان لايىھە» دېگەن ماۋزۇدا

بىر ماقالىسى بېسىلغان. ماقالىدا: «ئامېرىكا كونگرېسى مىللەت ۋەكىلى چارلىي روز ۋە گىلمان 1987 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئامېرىكا كونگرېسىغا تىبەت، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدا بىر لايىھە سۇنۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن، ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى (جۇڭگو) بۇ رايونلاردا ئىنسان ھەقلىرىگە قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان تاجاۋۇزكار سىياسىتىنى توختاتمايدىغان بولسا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى باشقىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى» دېيىلگەن.

ماقالىدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا كۆپ مۇھىم رول ئوينىغان تىبەتلىكلەر، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋە موڭغۇللار بۈگۈن خىتاي قول ئاستىدا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىش خەۋپى ئالدىدا تۇرماقتا. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى — خىتاينىڭ بۇ ئەتنىك گۇرۇپپىلار ياشاۋاتقان رايونلارغا ئىچكى ئۆلكىلەردىن خىتاي ئېلىپ چىقىپ يەرلەشتۈرۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشىدۇر...

1949 - يىلىدىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلارنىڭ سانى ئاران 300 مىڭغا يېتەتتى، ئەمما ھازىر 6 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى: تىبەتتە بىر مىليون 800 مىڭ نوپۇسنىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇقى خىتاي، ئەمما 1949 - يىلى بىر قانچە يۈزگە يەتمەيتى. خىتاي ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىبەت ھەققىدە ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى 3 قېتىملىق قارارىنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتتى، شۇڭا بىز ئامېرىكا كونگرېسىدىن مىللەت ۋەكىللىرى چارلىي روز، گىلمانلارنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى تەلەپ قىلىمىز:

1. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەت، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئىچ-

كى مۇڭغۇلىيىدە ئىنسان ھەقلىرىنى ئاياغ - ئاستى قىلىشنى توختات-مايدىغان بولسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى يېڭىدىن كۆزدىن كۆچۈرسۇن؛

2. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى 3 رايوندا ئىنسان ھەقلى-رىنى داۋاملىق ئاياغ - ئاستى قىلىۋەرسە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ھەربىي قورال - ياراق، ئىلغار پەن، مۇرەككەپ تېخنىك سېتىشنى باشقىدىن كۆزدىن كۆچۈرسۇن؛

3. ئامېرىكا دۆلەت رەئىسى تىبەت خەلقىنىڭ دىنى ۋە سىياسى رەھبىرى دالاي. لاما بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ تىبەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرۈشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرسۇن؛

4. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تىبەت، شەرقىي تۈر-كىستان ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىدە ئىنسان ھەقىقىنىڭ ئاياق ئاستى بول-ۋاتقانلىقىغا دائىر ئەمەلىي پاكىتلارنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە مەلۇم قىلسۇن ۋە بۇ ھەقتە خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرسۇن؛

5. ئامېرىكا دۆلەت رەئىسى ئامېرىكىنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرى-يىتىدىكى بۈيۈك ئەلچىسىگە يوليورۇق بېرىپ، خىتاي قول ئاستىدىكى تىبەتلىك ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن يېقىن ئالاقىدا بو-لۇشنى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن خەلقىنىڭ خىتايدىكى مىللەتلەر-گە ياردەم قىلىش ئۈچۈن، كېرەكلىك شەرتلەرنى ھازىرلاش ئۈچۈن تىرىشىشنى ئۈمىد قىلسۇن!

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا كونگرېسىغا مىللەت ۋەكىللىرى تەرىپىدىن يۇقىرىقىدەك لايىھە تەكلىپلەرنىڭ سۇنۇلۇشى ئامېرىكىنىڭ خىتاي قول ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئاددىي ھەقلىرىنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىنىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىنىڭ جانلىق بىر ئە-

پادىشاھىدۇر - دېيىلگەن.

مۇشۇ ساندا يەنە دالاي لاما بىلەن ئەيسا ئالىپتېكىننىڭ بىر سورۇندا ئولتۇرغانلىق رەسمى بېسىلغان، رەسىمنىڭ ئاستىغا دالاينىڭ: «تۈركىيىگە ئەيسا ئالىپتېكىننى ۋە ئۇنىڭ يۇرتداشلىرىنى كۆرگىلى كەلدىم، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت خەلقى جاپا - مۇشەققەت كۈنلەرنىڭ تەقدىرداشلىرى بولغان مىللەتلەردۇر» دېيىلگەن خەت يېزىلغان.

# يېڭى ئىغۋاگەرچىلىكنىڭ داۋامى

تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە چىققان «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىلى 9 - ئايلىق ساندا ئابدۇقادىر تاش ئىسىملىك ئاپتورنىڭ «شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ۋە كوممۇنىستلارنىڭ بېسىمى» دېگەن ماۋزۇدا بىر ماقالىسى بېسىلغان.

بۇ ماقالىدا دۆلەت رەھبەرلىرىمىزنىڭ شىنجاڭ توغرۇلۇق سۆزلىرى بۇرمىلانغان ۋە قۇتراتقۇچى سۆزلەر بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ سىياسەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىنغان.

ماقالىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: كوممۇنىست جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرسى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇڭگو يېرى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر يەرلىك خەلق بۇنى رەت قىلىدىغان بولسا، نەسلى - ۋەسلى قۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

شۈبھىسىزكى جۇڭگو رەھبىرىنىڭ بۇ سۆزى ئاساسسىز بىر سەپسەتە، چۈنكى تۈركىستان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋە ھەر جەھەتتىن جۇڭگوغا ئوخشايدىغان بىر مەملىكەت.

تارىخچىلار تۈركىستاننىڭ جۇڭگو تۇپرىقى ئەمەسلىكى توغرىلۇق پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزى جۇڭگولۇق تارىخچىلارمۇ بۇ ئەمەلىيەتنى ئىقرار قىلغاندى. جۇڭگونىڭ ئورغۇنلىغان تارىخىي مۇجەسسەم تارىخلىرىدىمۇ تۈركىستاننىڭ باشقا بىر مەملىكەت بولۇپ جۇڭگوغا تائىت ئەمەسلىكى يېزىلغاندى. ئەمما شەرقىي تۈركىستان كوممۇنىزمنىڭ قىزىل دىكتاتۇرلىقى ئاستىغا ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار بۇ يەر ئۈچۈن «مۇستەملىكە» مەنىسىگە ئىگە بولغان يېڭى بىر ئىسىم «شىنجاڭ» دېگەن نامنى بەردى. لېكىن جۇڭگولۇقلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلماستىن ئاۋال بۇنداق ئىسىم يە تارىخىي يە جۇغراپىيە كىتابلىرىدا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىرقىي مەدەنىيەتتە جۇڭگولۇقلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى ۋە ئالاقىسى يوق. ئۇلار تۈرك ئىرقىدىن بولۇپ، بۈگۈنكى تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرىدۇر. «تۈرك» ئاسىيادا سىبىرىيە تۈزلەڭلىكى ۋە ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشىغان قەدىمى بىر قەۋمنىڭ ئىسمى. «ستان»، يەنى «ئاستان» بولسا، پارسچە «مەملىكەت - يۇرت» دېگەن بولىدۇ. دېمەك «تۈركىستان» ئورغۇنلىغان تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنغىنىدەك «تۈرك ۋەتىنى — مەملىكىتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«تۈركىستان» ئاتالغۇسىنى ئۈنجى بولۇپ ئىران ساسانىلىرى كۆك تۈرك دۆلىتىگە تەۋە رايونلار ئۈچۈن قوللانغان ياكى ئۇ، «ئەل - ھاماۋى»، «مۇئجەمۇل - بۇلدان» دېگەن ئەسەرلىرىدە، «تۈركىستان - تۈرك دۆلەتلىرىنى ئوراپ بىر يەرگە يىغىنچاقلىغان ئىسىم» دېگەن ئىكەن. تارىخچى ئىبنۇل ئەسىرمۇ «تۈركىستان - قەشقەر، بالاساغۇن، خوتەن ۋە باشقا ماۋرائۇننەھر دىيارلىرىغا قارىتىلغان» دېگەنىدى.

ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىدىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئورغۇن مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئېپىلىپ بېرىلغانلىقى يېزىلىق. ئۇلارنىڭ كېيىنكىلىرىدىن بىرىسى 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەپسۇسكى بۇ ھۆكۈمەتنىمۇ جۇڭگو - رۇسىيە ھەمكارلىقى نەتىجىسىدە ئاغدۇرۇلدى.

مانا بۇ پاكىتلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇڭگودىن ئايرىم، ئۆز بېشىغا مۇستەقىل بىر مەملىكەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ماقالىنىڭ ئاخىرىسىدا، بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان بىر دراما ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ، جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ يوقىرىقى سۆزلىرى بۇ دراممىغا ئۇلىتكۈزۈلگەن زەنجىرنىڭ بىر ھالقىسىدىن ئىبارەت. يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىسلام تەشكىلاتلىرى پۈرسەتتىن ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھازىرقى ئىمكانلاردىن پايدىلىنىشى لازىم، ئىشىنىمىزكى، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار ئىدىيە، ئىشەنچە ۋە ۋىجدان ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغۇسى ۋە كوممۇنىست ئىمپېرىيالىزمغا قارشى ئۆزلىرىنى قوغداپ قالغۇسى.

بۇ ژۇرنالنىڭ مۇشۇ سانىغا يەنە قاسىم ئوغلى ئەبۇمەھەممەت دېگەن بىرىسىنىڭ «كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ماۋزۇدا بىر زىيارەت خاتىرىسى بېسىلغان. ماقالە يازغۇچى، ئۆتكەندە شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاپ كەلگەندە، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى قاتتىق بۇرمىلىغان ۋە ئاپتونومىيە سىياسىتىمىزگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ: «ھازىرقى تەرەققىيات — ئىسمى بار جىسمى يوق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» دېگەن نامنى خۇنۈكلاشتۇرۇش ۋە ئاخىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت، ئۆتمۈشتىن كېلەچەك بەكمۇ قاراڭغۇ ۋە

تەھلىكىلىك ... خەلقىمىز «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ تار كوچاڭدا يول ، زېمىنىڭنى ئېلىپ بولدى ، ئاسمىنىڭغا ئاگاھ بول» دېگەن شېئىرنى ئاھاڭغا سالغان» دېگەن جۈملىلەر بىلەن ماقالىسىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

# مەھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» تولۇقلىنىپ يېڭىدىن نەشر قىلىندى

تۈركىيەدە چىقىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىلى 12 - ئايلىق ۋە 1988 - يىلى 4 - ئايلىق سانلىرىدا ۋەتەن خائىنى ، پانتۈركىست مەھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ تولۇقلاپ قايتا يېزىپ چىققان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ تەپسىلىي مەزمۇنى تونۇشتۇرۇلغان ۋە «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغانلىقىغا بېغىشلانغان بىر ئوبزور ، مەھەممەت ئىمىن بۇغرانى تونۇشتۇرغان بىر ماقالە بېسىلغان. ئوبزوردا مۇنداق دېيىلىدۇ: شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ يېڭىدىن تولۇقلاپ نەشر قىلىنىشى — بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن خۇشاللىنارلىق ۋەقە ، دۇنيا شەرقشۇناسلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمى ۋە ھازىرقى تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلىرى ئۈچۈنمۇ ئىشەنچلىك بىر مەنبە ... مۇشۇنداق بىر مۇھىم ئەسەر كۈن نۇرىغا چىققاندىن باشلاپ ، ئالدى بىلەن گومىنداڭچىلار بۇنىڭغا قارشى چىقتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن كوممۇنىستلار بۇنىڭغا تېخىمۇ قارشى چىقىپ ، تارىخنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئېنىڭگە ئېلىشنى قاتتىق چەكلىدى ، كوممۇنىستلار تارىخقا ، پاكىتقا

ھۆرمەت قىلىپ، بۇ كىتابقا ئۈنچىۋالا ئۆچمەنلىك قىلماي، بىزنى كەڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئوقۇشىغا ۋە پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىشى- نى، ئۇلار ئۆز - ئارا مۇنازىرە قىلىشسۇن، تالاش - تارتىش قى- لىشسۇن ۋە ئاخىرىدا ھەقىقەتنى تاپسۇن.

بۇ ساندا يەنە ئىستانبۇل شەھرىدە 3 ئايلىق «تۈركىستان» دېگەن بىر ژۇرنالنىڭ تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى تەرىپىدىن نە- شر قىلىنىشقا باشلىغانلىقى توغرىسىدا بىر خەۋەر بېسىلغان. دېمەك تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ۋە ئىغۋاگەرلىكى ئۈچۈن يەنە بىر يېڭى سەھنە ھازىرلانغان بولدى.

1988-يىلى 1 - سانىدا غۇلامىدىن پاھتا دېگەن بىرىنىڭ «ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئۇيغۇردىن نىيك ئۆرنەك» دېگەن ماۋزۇدا بىر شائىرنىڭ ئوموۋى ئەھۋالى، ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى ئەسەرلىرى تو- نۇشتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭ رومانىدىن بىر قانچە كۇپلېت شېئىرلار نەقىل كەلتۈرۈلگەن: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئورنىدىكى بىرىنىڭ «جۇڭگونىڭ تارىخى مەنبەلىرىدىكى تۈركلەرنىڭ ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا» دېگەن ئۇ- زۇن ماقالىسى، يەنە مۇھەممەت ياقۇپ بۇغرا (شىنجاڭلىق) نىڭ «قەدىمكى زاماندىن كەلگەن خەتلەر» دېگەن ماۋزۇدا ئاپتونوم را- يونلۇق قەدىمقى ئەسەرلەرنى توپلاش - رەتلەش ئىشىغا مەسئۇل يولداشنىڭ بىر ئېسىرىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان ماقالىسى بېسىلغان. مۇھەممەت ياقۇپ بۇغرا ماقالىسىدا: «ئۇزاقتىن كەلگەن خەتلەر ئار- قىلىق بىزگە يەتكۈزۈلگەن «قەدىمكى زاماندىن كەلگەن خەۋەرلەر» مۇستەملىكىچى خىيالارنىڭ بۇ رايوندا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاپ ئۆتكەن تارىخى 2000 يىلغا بارمايدۇ، دېگەن سەپسەتىلىرىنى رەت قىل- دى» دەپ يازغان.

# «ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىلىكى»

تۈركىيە ئىستانبۇل شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىلى 3 - سانىغا «ئامېرىكىدا ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىسى» دېگەن ماۋزۇدا بىر خەۋەر (رەسىملىك) بېسىلغان. خەۋەرگە قارىغاندا ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ماقۇللىغان بىر قانۇنىغا ئاساسەن، ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئامېرىكىدا ھۆررىيەتكە لېرىشمىگەن مىللەتلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن «ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىسى» ئۆتكۈزۈلىدىكەن. 1984 - يىلى 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نيۇيوركتا ئۆتكۈزۈلگەن «ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىسى» گە، بۇ ھەرىكەتكە ئەزا بولغان 35 مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ «مىللىي بايراقلىرى» نى ۋە تۈرلۈك شوئارلار يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ قاتناشقان، جۈملىدىن نيۇيوركتىكى غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق» لاردىن 5000 كىشىمۇ قاتناشقان. ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈپ چىققان لوزۇنكىلىرىغا مۇنداق شوئارلار يېزىلغان: «رۇسلار غەربىي تۈركىستاندىن، خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن»، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسمى شىنجاڭ ئەمەس»، «تۈركىستان يۈز مىليون تۈركنىڭ ۋەتىنى»، «يوقالسۇن كوممۇنىزم! يوقالسۇن ئۆلۈم!»

يەنە مۇشۇ ساندا ئامېرىكىدا «تۈرك كۈنى» دېگەن ماۋزۇدا رەسىملىك بىر خەۋەرمۇ ئورۇن ئالغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئامېرىكىدا رەسمىي «تۈرك كۈنى قىلىپ» بېكىتىلگەن. شۇ يىلى 23 - ئاپرېلدا 10 مىڭدىن ئوشۇق «تۈركىستانلىق» (شىنجاڭدىن بېرىپ يەرلەشكەنلەر) كوچىلارغا چىقىپ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى» توغرۇلۇق شوئارلارنى توۋلىغان.

بۇندىن باشقا ئاشۇ ۋاقىتتا تۈركىيىدە قېچىپ يۈرگەن ئەيسا ئالىپتېكىننىڭ «ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىسى» توغرۇلۇق قىلغان بىر سۆزىمۇ مۇشۇ سانىغا ئۇنىڭ رەسىمى بىلەن بېسىلغان.

ئەيسا مۇنداق دېگەن: ئامېرىكا دۆلىتى «ئەسىر مىللەت» دەپ، پەقەت سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنى كۆزدە تۇتقان، ئەمما قىزىل خىتاي مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستاننى، ئىچكى موڭغۇلىيىنى نەزەرگە ئالمىغان.

بىز ئەسىر تۈرك يۇرتلىرىغا مەنسۇپ بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ «ھەپتە» (ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىسىنى دېمەكچى) گە ئەڭ ياخشىسى تۈركىيە ھۆكۈمىتى ۋە دۆلىتىنىڭ پۈتۈن مۇئەسسەسەلىرى ئوبدان كۆڭۈل بۆلۈشىنى كۈتىۋاتىمىز. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلماي، كىمدىن مەدەت ئالىمىز!

بىزلەر بىر نەسىلدىن تۆرەلگەن ئەۋلادلار ۋە ئوخشاش تارىخنىڭ، ئوخشاش تىلنىڭ، ئوخشاش مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسچىلىرى ئەمەسمۇ؟!

غورۇرى ۋە كۆز قاراشلىرى (پىكرى) ئوخشاش بولغان قېرىنداشلارنىڭ قىش ۋە قاراڭغۇ - تەس كۈنلەردە بىر - بىرىدىن مەدەت تىلەشتىن باشقا تەبىئىي ئەھۋال بولامدۇ دۇنيادا ...... !

دۇنيادا بىر مىليارد مۇسۇلمان بار، لېكىن قىزىل ئىمپېريالىستلارنىڭ قانلىق تىرنىقى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان 100 مىليون مۇسۇلمان تۈركنىڭ ئېچىنىشلىق يەرىياتلىرىغا، ئاھ - زارىغا قۇلاق سالىدىغانلار يوق. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاۋازى بوغۇلىۋاتىدۇ (تولا ۋارقىراپ ئۈنى پۈتتى) ... بۇ يۇرت يەنى بۇ قەدىمىي ئانا ۋەتەن يۈز يىلدىن بېرى خىتايلارنىڭ ئاسارەت زەنجىرلىرى ئاستىدا بوغۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئاھ - زارىغا قىزىل جۇڭگونىڭ چىگرا بىلەن كارى بولمايدىغان قارانىيتى ۋە زۇلمى قوشۇلدى، شەرقىي تۈركىستان ماددىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىن يوق بولۇش خەۋپىدە تۇرۋاتىدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ سانىغا يەنە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ 3 - جۇمھۇر رەئىسى جەلال بايارنىڭ شىنجاڭدىن تۈركىيىگە قېچىپ كېتىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارنىڭ سەردارى - ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق بىر خەۋەر، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى، ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزلىشىۋاتقان سۆزى ئايرىم بېسىلغان.

## تۈركىيىدە «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» قۇرۇلدى

تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھرىدە 1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ، ئازادلىقتىن ئاۋۋال غەربىي شىمال ۋە شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۈركىيىگە قېچىپ كەتكەن قازاقلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان. بۇ «ۋەخپى» نىڭ نىزامنامىسى بېسىلغان 1 - سان كىتابچىغا خەلپە ئالتاي ئىسىملىك بىرسى كىرىش سۆزى يازغان.

كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «... بىز قالايمىقانچىلىق دەۋرلىرىدە ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ، 1951 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14

ـ كۈنى تۈرك مۇخبىرى مەخمەت ئىرفاننىڭ ۋاستىسى بىلەن لاھور شەھىرىدە تۈركىيىنىڭ پاكىستاندىكى تۈنجى ئەلچىسى (كونسۇلى) ئەبىل باتۇ ئەپەندى بىلەن، ئاندىن تۈركىيىنىڭ كاراچى كونسۇلخانىسىدىكى يەيھا كامال بەياتلى بىلەن كۆرۈشتۇق، كۆرۈشۈشتە تۈركىيگە بېرىپ يەرلىشىش خىيالىدا ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈردۇق، بىزنىڭ تەلىپىمىز ئوبدان ھەل بولدى.»

«2 ـ كۆچمەنلەر گۇرۇپپىسى 1952 ـ يىلى 13 ـ مارتتا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 14595 ـ نومۇرلۇق قارارى بويىچە تۈركىيىگە بېرىپ يەرلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوسمان باتۇرنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىدىن قالىبېك، دەلىل قان قاتارلىقلار بار»

«ۋەخپى» نىڭ نىزامنامىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ۋەخپى» نىڭ مەقسىتى — «ۋەخپى» گە ئەزا بولغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا مەدەنىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ھەمكارلىششقا كاپالەتلىك قىلىش، مۇھىم تېپىلغاندا قازاق تۈركلىرىنى ئىچىگە ئالغان پۈتۈن تۈركلەرنىڭ ۋە ئىنسانلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت. مۇھىم تېپىلغاندا تاشقى ئەللەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىدۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاق يۇرتداشلىرىمىزنىڭ تۈركىيىدە ئوقۇشىغا ئىمكان يارىتىپ بېرىدۇ (شىنجاڭنى دېمەكچى). تۈرك ۋە ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ھەققىدە ئىلمىي، دىنىي ۋە مىللىي تېمىلاردا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى تەرغىب قىلىدۇ؛ ئىمكان بولغان تەقدىردە ئىلمى، ئىسلامى ۋە مىللىي ژۇرنال ـ مەجمۇئە چىقىرىدۇ.»

# ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىرلارنىڭ ئىنكاسى

1. 1988 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرى سوۋېت قازاقىستانىنىڭ مەركىزى ئالما ئاتادا «ئۇيغۇرستان پارتىيىسىگە ھازىرلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلغان. گۇرۇپپىنىڭ مەسئۇللىقىنى قازاقتىن زامانبېك، ئۇيغۇردىن سۇبھى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ئوچۇق سالاھىيىتى قازاقىستان تەتقىقات ۋە نەشرىيات ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچىسى. ئەمەلىيەتتە ك گ ب گە مەنسۇپ كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىۋاتىمىز.

2. 1989 - يىلى 8 - ئايدىن تارتىپ قازاقىستاننىڭ مەركىزى ئالمائاتا شەھىرىدە، ئۆزبېكىستاننىڭ مەركىزى تاشكەنت شەھىرىدە، قىرغىزىستاننىڭ مەركىزى فرونزى شەھىرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاتالمىش «ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى» قۇرۇلغان. بۇ مەركەزلەر ئادەتتىكى ئورگان بولماي، ئۇلارغا مەسئۇل بولغۇچىلار ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەس ئىكەن. ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ تەشكىلاتلار خىزىنىشاكىنۆەندىن تەشكىل قىلىنغان ئىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسىغا تۇتاش بولغان قوشنا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئوخشاش ئۈچ تەشكىلاتنى قۇرۇش نېمىگە ھاجەت بولۇپ قالغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي غەرىزى زادى نېمە؟ . - مانا بۇلارنى بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

# ئالما ئاتادىن كەلگەن ئۇچۇر

1. سوۋېت قازاقىستانى ئالما ئاتا شەھىرىدە يېقىندا «ھاجى ئۆمەرنى قۇتقۇزۇش كومىتېتى» قۇرۇلدى. كومىتېتنىڭ مەقسىتى — جاسۇس ھاجى ئۆمەرنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇلار ھەرىكەتلىرىنى ئاۋۋال شىنجاڭدىن باشلاپ، ئاندىن ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويماقچى. شۇنداقلا بۇ كومىتېت سوۋېت ك گ ب گە خەت يېزىپ، ھاجى ئۆمەرنى قوغداشنى تەلەپ قىلغان.

ھاجى ئۆمەر شىنجاڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە سوۋېت جاسۇسلۇق ئورگانلىرى بىلەن مەخپىي رادىئودىن ئالاقە قىلىشىۋاتقاندا، نەق مەيداندا بىزنىڭ ئەنچۈەن ئورگانلىرىمىز تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان جاسۇستۇر.

2. سوۋېت ئۆزبېكىستاننىڭ مەركىزى تاشكەنتتە ئاتاقلىق شائىر ئەركىن ۋاھىتوف باشچىلىقىدا سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسى قۇرۇلغان. بۇ پارتىيىنىڭ تۇنجى قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىنغان پروگراممىدا، سوۋېت ئۆزبېكلىرى بىلەن شىنجاڭ ئۆزبېكلىرى ئوتتۇرىسىدا پەن - تېخنىكا تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش تەكىتلەنگەن.

# «بۈيۈك قازاق جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش يولىدا

1 - 1990 - يىلى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سوۋېت قازاقىستانى رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئىچكى ئىشلار ئورگىنىنىڭ مەخسۇس خادىمى

رىزابېك بىر قىسىم ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، 1917 - يىلى، 1922 - يىلى، 1932 - يىلدىكى «ئالاچ ئوردۇ دۆلىتى»، «ئالاچ ئوردۇ پارتىيىسى» نىڭ ئەزالىرىنى ۋە پانتۈركىزىم، پان ئىسلامىزمچىلاردىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئۈچ قېتىملىق بېسىقتۇرۇش ۋاقتىدا (سوۋېت ئىستىپاقى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن) شىنجاڭغا، تۈركىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق مەملىكەتلەرگە قېچىپ كەتكەن قازاقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقا ئەۋلادلىرىنى سوۋېت قازاقىستانىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، پۈتۈن دۇنيا قازاقلىرىنى بىرلەشتۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان. بۇ ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى — دۇنيادا بىر قازاق ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەن. ئەگەر بۇ ھەرىكەت ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا، شىنجاڭغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن خەۋپلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا تەتقىقات گۇرۇپپىمىزنىڭ پىكرى، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ ھەقتە ئىگەللەپ كېلىۋاتقان ئەھۋاللىرىمىزنىڭ بىر قەدەر ئوبيېكتىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش لازىم.

2 - سوۋېت قازاقىستانى پايتەختى ئالمائاتا چىقىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1990 - يىلى 11 - ئاۋغۇست 95 - سانىدا ئىگورىيېۋدىن (رۇس مىللىتى) نىڭ «مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستاندىن ئاپتونوم رايونغا» دېگەن سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 - «شىنجاڭ خىتاي ئىمپېراتورلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، مانجۇ — خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۇ يەردە ناھايىتى رەھىمسىز مۇستەملىكە تۈزۈمىنى ئورناتتى. رەھىمسىز مۇستەملىكە زۇلمى ۋە ئېزىش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلغان-

......دى .

1878 - يىلى خىتاي ئىمپىراتورلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى يەنە شىنجاڭنى بېسىۋالدى، خىتايغا قوشۇۋېلىش، ئاھالە ئىچىدىن رەھىمسىز ئۆچ ئېلىش يۈرگۈزگەنىدى. ماناس، غۇلجا ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى بوغۇزلاپ تاشلىغانىدى

...... قادىر ئەيسا بەگ خىتايدىن تۈركىيەگە قېچىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرىدۇر. ئەيسابەگ تۈركىيە ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، قازاقلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىي فرونتى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان سەيقەت ئوندىلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان يەتتە تەشكىلاتقا رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئاھالىنى خىتاي ئىچىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى گۇرۇپپىسى» ئەتراپىغا جەلپ قىلىشقا ھەرىكەت قىلماقتا

......ئۇنىڭدىن تاشقىرى، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى گۇرۇپپىلار ئافغانىستاندىكى ۋە پاكىستاندىكى مۇسۇلمان ئەرەب ئۇچى تەشكىلاتلاردىن كىرىۋاتقان قورال - ياراقلارنى توپلاش ھەرىكەتلىرى داۋام قىلماقتا

......لېكىن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئاردىل ۋەقەسىدىن كېيىن، ۋاقىت قانچىلىك كۆپ ئۆتكەنسىرى ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىزىقىش كۈچىيىپلا قالماي، ئىنچىكە ئۇيۇشۇۋاتقانلىقى روشەن بولماقتا.

...ئەھۋالدىن قارىغاندا، كۈنچە ئۆسۈۋالار بىلەن دۈشمەنلىكنى ئۇستۇرۇش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئەمدى تاقىتى قالمىغان ئۇيغۇرلار، قازاقلار، قىرغىزلار ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا كەسكىنلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ.

# چەتئەللەردىكى بىر قىسىم قازاق بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى

«قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 3 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۈركىيە ئىستانبۇلدا بىر خەلقئارا يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەر قايسى مەملىكەتلىرىدىكى قازاقلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. شىنجاڭدىن بىزنىڭ بىر تەتقىقات خادىمىمىز بېرىپ قاتنىشىپ، بۇ يىغىننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. يىغىندا سۆز قىلغۇچىلار پۈتۈن دۇنيا قازاقلىرىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكى، شۇڭا دۇنيادىكى قازاقلار بىرلىشىپ، مۇستەقىل «قازاق دۆلىتى» قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىملىقى ئۈستىدە توختالدى. يىغىندا بۇ تەشكىلاتنىڭ باشلىقى ھاناپىيە ئالتاي 1985 ـ يىلى ئۆلگەن قالىبېكنىڭ مۇراجىئەتنامىسىنى ئوقۇپ ئۆتكەن ۋە بۇ مۇراجىئەتنامىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتقان. ئىگىلىگەن ئۇچۇرىمىزدىكى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا قالىبېكنىڭ مۇراجىئەتنامىسى ئەنگلىزچە، ئەرەبچە، تۈركچە بېسىلىپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، جۈملىدىن شىنجاڭغىمۇ تارقىتىلغان. بۇ مۇراجىئەتنامە 1983 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تارباغاتايدىكى بىر قازاق يازغۇچىغا شەخسىي خەت شەكلى بىلەن شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن، 2 ـ قېتىملىق خېتى 1985 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تارباغاتايدىكى كەرىم ئىسىملىك بىر قازاققا ئەۋەتىلگەن. قالىبېكنىڭ بۇ مۇراجىئەتنامىسىدا يېرىم ئەسىر ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تۆت باسقۇچلۇق جاپالىق كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقى: (1) خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، گومىنداڭغا قارشى تۇرغانلىقى، (2) كوممۇنىزم ھەرىكىتى، رەھبەرلىرىنىڭ ۋاپا قىلمىغانلىقتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئىتىلغانلىقى، (3) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىغا قوشۇلمىغانلىقىتىن، گومىنداڭچىلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلى پاكىستون بىلەن بىرلىشىپ «قازاق مىللىي بىرلىكسېپى» تەشكىلاتىنى قۇرغانلىقى. بۇمۇ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقتىن، چەت ئەلگە كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقى، (4) تۈركىيىگە ئورۇنلىشىپ، 40 تىن ئارتۇق دۆلەتنى زىيارەت قىلىش بىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىقى قاتارلىقلار يېزىلغان.

بۇ مۇراجىئەتنامىنىڭ ئاخىرىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاق قېرىنداشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش لازىملىقى تەلەپ قىلىنغان.

ھازىر بۇنىڭ مۇراجىئەتنامىسىنى ۋە خېتىدىن ئىككى پارچىسىنى قولغا چۈشۈردۇق، يەنە ئىككى پارچە خېتىنى ئىزدەۋاتىمىز.

## قازاق بۆلگۈنچىلەرنىڭ مىللىي جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش خىيالى ۋە ھەرىكەتلىرى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى بولداش جاڭ زېمىن يېقىندا شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە، «مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە بۈيۈك قازاق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ، نىيىتىدە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا . ئۇلار تار مىللەتچىلىك شوئارلىرىنى سۈيئىستېمال قىلىپ ، مىللىي زىددىيەت ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇقىنى چاچماقتا » ، - دەپ بىزگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى . باش شۇجىنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقى تارىخىي ۋە رېئال ئەمەلىيەتلەر ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلاندى .

ئامېرىكا جاسۇسى ، شىنجاڭدىن تۈركىيىگە قېچىپ بېرىپ ، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بۈيۈك قازاق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش يولىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تىركەشكەن قالىبېك ( قازاق ) 1985 - يىلى ئۆلۈشتىن ئاۋۋال شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق [redacted] زىيالىيلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن ئوت قىسىم خەت يېزىپ ، ئۆزىنىڭ « مۇراجىئەتنامىسى » ۋە « ۋەسىيىتى » نى ئارقاتقان ئىدى .

چوڭ مىللىي بۆلگۈنچى قالىبەكنىڭ « مۇراجىئەتنامىسى » دا باشتىن- ئاخىرى « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » ۋە « بۈيۈك قازاق جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇش ئىدىيىسى چوڭقۇر سىڭگەن بولدۇ .

ئۇ ، مۇراجىئەتنامىنىڭ باش تەرىپىدە ، يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيان جاھانگىرلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن شىنجاڭنى ۋەتەندىن ئايرىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان مىللىي بۆلۈنۈش ھەرىكەتلىرىگە قارشى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇزۇن قېتىملىق كۈرەشلىرىنىڭ خاراكتېرىنى بۇرمىلىغان ھالدا ، ئۇنىڭغا « خىتايلارغا قارشى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش بولىدىكى كۈرەشلەر » دەپ باھا بەرگەن ، ھەتتا 1932 - يىلى ساۋۇت داموللا باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچى « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نى خەلقئارا كومۇنىست ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى دېگەن . ئۇ ، تارىختىن شىكايەت قى-

لىپ «شۇنچىلىك ئۇزاق تارىخ بىر قازاقلارغا بىر سىياسى ئەرباپ يارىتىپ بەرەلمىدى» دەپ يازىلغان.

1944 - يىلى 5 - ئاينىڭ بېشىدا ئالتايدا 3 - كومىنترىن ۋە-كىللىرى يوشۇرۇن كېڭەش ئۆتكەزگەندە، قازاقلاردىن يېتىشكەن «ئىلغار» زىيالىيلار «ئەمدى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش پۇرسىتى كەلدى» دەپ ئۈمىد كۈتكەنلىكى. شۇ ۋاقىتدا ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكەتكە ئاتلانغانلىقى ئىزھار قىلىنغان. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «مې-نىڭ شەخسى ئۆزەمدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرە-كىتى ئۈچۈن دېيىلگەن ئىنتىقام تۇيغۇسى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈس-تىگە خەلقئارا كېلىشىم ۋە باياناتلار بولغانلىقى، مۇشۇ ھەرىكەتنىڭ مەسئۇل خادىمى بولۇپ ئىشلەشكە، قازاق مىللىتىم ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا ئۆزەمنى ئاتىغان ئىدىم».

قالىبېكنىڭ نىيىتى يالغۇز ئالتاي. تارباغاتاينى قولغا چۈشۈ-رۈشلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭنى قولغا چۈشۈرۈش. يالغۇز شىن-جاڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئىگە بولۇش ئىدى. ئۇ مۇراجىئەتنامىسىدا: «1946 - يىلى مېنى سوۋېت كونسۇلى شىن-جاڭغا مۇئاۋىن رەئىس بول دەپ مۇراجىئەت قىلدى، مەن خالىمى-دىم». دەپ يازغان.

قالىبېك ھەر قانداق بىر باشقا مىللەتنىڭ رەھبەرلىكىنى رەت قىل-غانلىقىنى ئېيتىپ، ھازىرقى قازاق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەيلى خەنزۇ، مەيلى ئۇيغۇر بولسۇن، ئۇلارغا بويۇن ئەگمەسلىكى، پەقەت قازاق رەھبەرلىك قىلغان بىر دۆلەت قۇرۇش لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلغان.

قالىبېك مانا بۇ ئىدىيىسىنى ھېچقانداق يوشۇرماستىن مۇنۇلار-نى يازىدۇ: «شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالدىغا بورھان قاتارلىقلارنىڭ قويۇلغانلىقىنى ئەسكە ئالسام، قازاقنى ئىگىدارچىلىق

قىلدىغان سارتنى (ئۇيغۇر) تارىخ تېخى مەيدانغا كەلتۈرگىنى يوق، قېرى چال ئۆز بېشىڭنى ساقلاپ قال دەپ ئۆز ئۆزەمگە ئاگاھ بەرگىنىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى......».

قالىبېك ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بىر قازاق دۆلىتى قۇرۇش ئۈمىدىدە بولۇپ كەلگەن. مانا مۇشۇنداق مەقسەت بىلەن، جامائەت پىكرى ھازىرلاش ئۈچۈن تۈركىيىدە «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» دېگەن بىر تەشكىلات قۇردى ۋە تۈركىيە، ئامېرىكا، غەربىي گېرمانىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە بۇ تەشكىلاتنىڭ شۆبىلىرىنى تەسىس قىلدى، قالىبېك چەت ئەللەردىكى قازاقلارنىلا ئەمەس، شىنجاڭدىن تۇققان يوقلاش ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن تۈركىيىگە بارغان قازاق قېرىنداشلارنى ئامال قىلىپ ئىزدەپ تېپىش بىلەن ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈشكە ۋە ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان، ھازىر ئۇنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن مۇراجىئەتنامىسى سىڭدۈرۈلگەن تۆت پارچە خېتىدىن ئىككى پارچىسى ھەرقايسى جايلاردا تارقىلىپ يۈرمەكتە. ھازىرغىچە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بۇ ئىككى پارچە خەتنى قولغا چۈشۈرەلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ قازاقلار ئىچىدىكى مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئېغىر كىشىلەر ئارىسىدا بازار تاپقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قالىبېكنىڭ 85-يىلى 3-فېۋرالدا يازغان ئىككىنچى قېتىملىق مۇراجىئەتنامە خېتىدە قازاقلارنى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارشى ھەرىكەتلىنىشكە چاقىرغان. ئۇ مۇنداق يازغان: «30-يىلدىن 75-يىلغىچە بولغان 45 يىل - شىنجاڭ خەلقىنى تۈرلۈك ئادالەتسىز ئاپەتلەرگە دۇچار قىلدى، ھۆكۈمەت ئادىل قانۇننى يولغا قويماي، خەلقنى قانغا بويىدى، ئەڭ كۆپ زىيان كۆرگەن مىللەت قازاقلار بولدى».

قالىبېكنىڭ خېتىدە، «باندىت» سۆزىنىڭ ئۇلارغا قارىتا ئىشلىتىلىشىگە قارشى ھۇجۇم خاراكتېرىدىكى ئەرزىلەر يېزىلغاندىن كېيىن،

«شەرقىي تۈركىستاندا يېرىم ئەسىر ھەقىقەتنى ئوق بىلەن ئۆلچەپ ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەردە، كىمنىڭ باندىت، كىمنىڭ بۇلاڭچى، كىمنىڭ زومىگەر فاشىست ئىكەنلىكىنى تارىخ ئېنىقلاپ بەردى، شەرقىي تۈركىستاندا بولۇنمۇ غەمخورچى بولۇپ كۆرۈنگەن كۈچلۈك دۆلەت باندىتلىرىنىڭ فاشىستىك كۈچلۈك ھەربى سۈيقەستى بولمىسا، بىزلەرگە تۈركىيدە نېمە بار ئىدى؟! دۈشمەنىنىڭ 300 يىل يۈرگۈزگەن مۇداخىلىسى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە سالدى ...».

# چەت ئەل مەدەنىيەت ئوغرىلىرى ھېلىمۇ ھەرىكەتتە

ئۆتكەن ئەسىردىلا، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئۇزاق تارىختا، يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان ئايرىلماس بىر پارچىسى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى چەت ئەل مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالىڭىغا ئۇچرىغانلىقى خەلقى ئالەمگە مەلۇم.

سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندا ئىلمىي نىقاب ئىچىگە كىرىۋالغان بەزى «ئالىملار» ھازىرمۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئىككى ئۇلۇغ گۆھىرى - «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «دىۋانۇلۇغاتىت تۈركى» نى ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋېلىش نىيىتىدىن يانمىدى. مەسىلەن: 1989 - يىلى 20 - يانۋاردا «ئۆزبېكىستان ۋە سەنئىتى» گېزىتىگە بېسىلغان رەخمىجان جۇمەنىيازوفنىڭ «يېزىقسىز تارىخىدىن» دېگەن ماقالىسى، قازاقىستاندا قازاقچە نەشر قىلىنغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كىرىش سۆزى، قازاقىستان نەشرىياتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان رەسىملەر توپلىمىدا مەخسۇت

قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلارنىڭ قازاق مىللىتى دەپ ئېلان قىلىنغانلىقى، قىرغىزىستاندا بېسىلغان «بورۇنا مۇزىي كومپې-لېكسى»، قاتارلىق ماتېرىياللار بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

نۆۋەتتە تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» پرىنسىپىنى قەدىرلەيدىغان بىر قىسىم سوۋېت ئالىملىرى يېقىنقى مەدەنىيەت يۆلاكچىلىرىغا ئىلمىي ھالدا قايتارما زەربە بېرىشكە ئاتلاندى. مەسىلەن: يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 920 يىللىقى خاتىرىسى مۇناسىۋىتى بىلەن سوۋېت قازاقىستاندا چىقىرىل-غان «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ 1990 - يىلى مارت سانىدىن ماي سانىغا بېسىلغان خەلىل ھەمرايېۋنىڭ «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجا-دىيىتىنى ئوقۇتۇش»؛ ئالىمجان قاسىموۋ بىلەن، ئەزىز نارىنبايېۋلار-نىڭ «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي ۋە ئىستىكلىك كۆز قاراشلى-رى» ۋە «يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنىنىڭ دۇنيا قارىشى»؛ ر. رازىيېۋنىڭ «قۇتادغۇبىلىكتىكى ئوخشۇتۇشلار ھەققىدە»، «قۇتاد-غۇبىلىكتىكى بەزى ئەدەبىي ۋاسىتىلار ھەققىدە»؛ پېداگوگىكا پەنلىرى دوكتورى خەمىت تىلەشوۋنىڭ «قۇتادغۇبىلىكتىكى ماتېماتىكا ۋە ئاستى-رونومىيىگە دائىر بابلار»؛ قاسىمجان سادىقوۋنىڭ «تۈركى يېزىقىدى-كى نادىر ئولىيازمىلار»؛ قازاقباي ماخمۇدوۋنىڭ «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئەدەبىي تىل» دېگەن ماقالىلىرى، شۇنداقلا يەنە «كوممۇنىزم تۇ-غى» نىڭ ماي سانلىرىغا خۇلاسە تەرىقىسىدە «ئەدەبىي ئۆگىتلەر» دېگەن ماۋزۇدا بېرىلگەن «قۇتادغۇبىلىك»تىن ھېكمەتلىك سۆزلەر، - مانا بۇلارنى چەت ئەل مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆتۈ-رۈلگەن تۇنجى دولقۇن دېيىشكە بولىدۇ.

چەت ئەلدە ھەقىقانىي ئىش ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر دولقۇن كۆ-تۈرۈلىۋاتقان ئىكەن، مەدەنىيەت ئەرباپلىرىمىز، بولۇپمۇ مەدەنىيەت،

ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى كەسكىن داۋالغۇشلار، [illegible] رەھبەرلىرىمىزنىڭ يېتەرلىك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك دەپ قارايمىز.

# تۈركىيىنىڭ بىزگە قاراتقان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە بىر نەزەر

بىز دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ھالىنى يۈزلىنىشى ئۈستىدە ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، تۈركىيە ھۆكۈمەت دائىرىلە-رى ئىككى يۈزلىمىلىك ئۇسۇل قوللىنىپ، ئەمەلىيەتتە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەرنى قوللاپ قۇۋۋەتلىمەكتە.

1. تۈركىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە بىۋاستە قاتناشقاندىن سىرت، رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇر-ناللاردا «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ مۇستەقىللىقى توغرۇلۇق ئەنسە-يەتچى تەشۋىقاتلارغا كەڭ يول ئېچىپ بەرمەكتە.

تۈركىيىدە سوبيېكتىپ گىرىمەلەردىن «تەرجىمان گېزىتى»، «مىل-لىيەت گېزىتى»، «زامان گېزىتى» قاتارلىقلاردا بۆلگۈنچىلىك خا-راكتېرلىك ماقالە، خەۋەرلەر ئۈزۈلمەي ماقالە. خەۋەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

«تەرجىمان گېزىتى» نىڭ باشلىقى ياۋۇزدومان، يۈزلەك ئەلچى-لىكىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى كۆرگەندە، ئاشكارا تۈر-كىيىگە قارشى ئەرسىلەرنىڭ بېسىلىشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئېي-تىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى «تەرجىمان گېزىتى» خىتايغا قارشى، «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىقى ... ئۈچۈن گە-

زىنلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇ گېزىتتە، ئەينى قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكەت پروگراممىلىرى، سۆز - نۇتۇق، ماقالىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بېسىلىپ تۇردى. بۇ گېزىت، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ تۇردى. بىر قىسمى تاموژنا ئورگانلىرىمىز تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغاندىن باشقا، مۇتلەق كۆپ قىسمى جەمئىيەت ئىچىگە سىڭىپ كىرىۋاتىدۇ.

1988 - يىلى تۈركىيە تېلېۋىزىيىسىدە «كۆك - كۆك، قارا - قارا» دېگەن تېمىدا بىر فىلىم كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋاللىرى بۇرمىلانغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيىسىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان، شىنجاڭ تارىخى بۇرمىلانغان. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى خەنزۇلارنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقانلىقى قاتارلىق ئەكسىيەتچىل مەزمۇنلار كۆرسىتىلگەن. دېتورنىڭ سۆزىدە ئىنتايىن قەبىھ كەلىمىلەر ئىشلىتىلگەن. ھەتتا شىنجاڭ خەلقىنى «ئازاد» قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە چاقىرىق بېرىلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كېلەچىكى — ئۇلارنىڭ ئۆتمۈش ۋە ھازىرقىسىدىن تېخىمۇ دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەرگە ئۇچرايدىغانلىقى» سۆزلەنگەن.

2. تۈركىيىدىكى «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» تەشكىلاتىنىڭ تۈركىيىنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدە شۆبىلىرى بار، ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ مۇستەقىللىقى توغرىسىدا كەڭ دائىرىلىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» نىڭ مۇھىم مەسئۇللىرىدىن بىرسى — مامۇت فىلىز (قازاق) تۈركىيە ئاۋازى رادىئوسىنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، بۇ «ۋەخپى» تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ رادىئودا ئاڭلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى، دۇنيادى-

ئىكى قازاق خەلقىنى بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇش، ياش ئەۋلادلارغا «شەرقىي تۈركىستان»، «تۈركىستان» ئىدىيىسىنى چوڭقۇر سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق پائالىيەت يۈرگۈزۈپ، ئاخبارات توپلايدۇ ۋە تۈركىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا ماتېرىيال يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

تۈركىيىگە قېچىپ بارغان ئىككىنچى ئەۋلادى كامارا ئىسىملىك بىر قازاق قىزى ھەر دائىم جۇڭگوغا قارشى تەشۋىقات ھەرىكەتلىرىدە ئاكتىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەزىزلەنگەن، مەرتىۋە بېرىلگەن. ئۇ ھازىر تۈركىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق بۈيۈك ئەلچىلىكىگە تىجارەت مەسلىھەتچىسى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. كامارا بېيجىڭدا قازاقلار ئارىسىدا كەڭ دائىرىلىك مۇناسىۋەت باغلاپ ماتېرىيال توپلىماقتا. شىنجاڭدىن كېتىپ تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىدە يەرلىك ئورۇنلاشقان [redacted] ئىسىملىك بىر قازاق يىگىتى «تۈركىيىدىكى جۇڭگو بۈيۈك ئەلچىخانىسىدا ئىشلەيدىغان بەزى ئادەملىرىمىزگە قازاق تۈركلىرى ۋەخپى تەشكىلاتىغا ئەزا بولغانلارنىڭ ئىچىدە تۈركىيە ساقچىلىرىغا باغلانغان ئىشپىيونلار كۆپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ...» دېگەن.

3. بۈگۈن تۈركىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋەتەن پارتىيىسىنىڭ سابىق باشلىقى، ئۇ ئىبىنىڭ ھازىرقى سەھىيە مىنىستىرى، تۈركىيە - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ھالىل شىكى ۋەتەن پارتىيىسى ئىچىدە ئىدىيىۋىلوگىيە، تەشۋىقات ئىشلىرىغا بىۋاسىتە مەسئۇل بولۇپ، ئۇ جۇڭگوغا 3 قېتىم زىيارەتكە كەلگەن، ھەر قېتىم ئوچۇق سورۇنلاردا تۈركىيە - جۇڭگو دوستلۇقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلغان، ئەمما ئۇ ئاستىرىتتىن تۈركىيىدىكى ئۇيغۇرچى كۈچلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ كەلگەن، بولۇپمۇ يە-

ئەن خانىنى ئەيسا بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان، ئەيسا قاتارلىقلار ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان، پات - پات ئەيسانىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ تۇرغان، شۇنداقلا ئەيسانىمۇ ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلىپ تۇرغان.

4. تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى باشلىقى (پارلامېنت باشلىقى) قارادۇمان ئوغلى 1986 - يىلى جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە شىنجاڭغىمۇ كەلگەن. تۈركىيە - جۇڭگو خەلقلىرى ۋە پارلامېنتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىش توغرۇلۇق ناھايىتى «ياخشى» سۆزلەرنى قىلغان، ئەمما 86 -، 87 -، 88 - يىللىرى ئىستانبولدىكى ئەيسا ئەنقەرەگە كەلگەندە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ، شەرىپى ئۈچۈن زىياپەت بەرگەن.

5. 1988 - يىل تۈركىيىدە شىنجاڭ توغرۇلۇق مەخسۇس بىر «ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلگەندە، زۆكتۈك ئىشخانىسىنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى قاتناشقان، يىغىندا «شەرقىي تۈركىستان» تارىخى، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى «قاراڭغۇلىقى»، شىنجاڭ خەلقىنىڭ نازاپ چېكىۋاتقانلىقى، ««شەرقىي تۈركىستان» نى ئازاد قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى قاتارلىق مەزمۇنلاردا ماقالىلار ئوقۇلغان، نۇتۇقلار سۆزلەنگەن. يىغىنغا شىنجاڭدىن قېچىپ بارغان بۆلگۈنچىلەردىن باشقا تۈركىيىدىكى بەزى مەشھۇر ئىلمىي خادىملار، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ مەخسۇس خادىملىرىمۇ قاتناشقان.

6. تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (ئىلگىرى تۈركىيىنىڭ جۇڭگودىكى بۈيۈك ئەلچىلىكىدە ئىككى يىل سەنزەن بولغان، ھازىر تۈركىيىنىڭ ھىندىستاندىكى بۈيۈك ئەلچىسى) كۆرۈنۈشتە جۇڭگو بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە

بولغان، ئەمما ئەمەلىيەتتە، تۈركىيەدىكى گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيەلەرنىڭ جۇڭگوغا قارشى، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش توغرىسىدىكى تەشۋىقات ھەرىكەتلىرىنى قوللاپ كەلگەن.

مۇنداق تەشۋىقاتلار داۋاملىق كۈرۈلۈۋەرگەندىن كېيىن، تۈركىيەدىكى بۈيۈك ئەلچىلىكىمىز تەرىپىدىن رەسمىي نارازىلىق خېتى بېرىلسە، ئۇ: «تۈركىيە ئاخباراتچىلىق قانۇنىدا، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ھۆكۈمەت ئارىلاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى تۈرك قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ» دەپ ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرگەن.

7. تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە داشۆسىنىڭ شياۋجېڭى روپخان تۈركىيە - جۇڭگو مانازىپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ «چىرايلىق» سۆز سۆزلەيدۇ. ئەمما، 1988 - يىلى ئەنقەرە داشۆسىنىڭ زالىغا ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئاسقان، ئوچۇقتىن - ئوچۇق «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشۋىق قىلغان، مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن بەزى ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا جۇڭگوغا قارشى «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ مۇستەقىللىقى توغرىسىدا جامائەت پىكرى ھازىرلاش ھەرىكەتلىرىنى قوللاپ كەلگەن.

## ئامېرىكىدىكى ئىككى پانتۈركىست تەشكىلاتى

1986 - يىلى 24 - يانۋار كۈنى ئامېرىكىدىكى لوس - ئانجېلىس شەھىرىدىكى ئاتاقلىق «مارىيا ئۆيى» مېھمانخانىسىدا جۇڭ-

گودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت، تىل - ئەدەبـ
ىيات تەتقىقاتى توغرىسىدا خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئـ
ـچىلدى، بۇ يىغىندا 13 دۆلەتتىن كەلگەن ئالىملار ھەمدە ئامېرىكىدىـ
ـكى 11 ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورلىرى قاتناشتى. يىغىن جەريانىدا
جۇڭگوغا ھەقىقىي دوستلۇق پوزىتسىيىسى بىلەن قارايدىغان، ھەقـ
ـقىي دوست بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئالىملار ھەر كۈنى دىگۈدەك
يىغىن جەريانىدىكى بوش ۋاقىتلاردا بىز بىلەن ئىلمىي تەتقىقات تەجـ
ـرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى. بۇ جەرياندا ۋاشىنگتون داشۆسىنىڭ پرو-
ـفېسسورى يېقىن شەرق مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىـ
ـنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم [redacted] ئۆزىنىڭ سو-
ۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا ۋە تۈركىيەگە بىر قانچە قېتىم بارغانلىقىنى
ئېيتىپ: «بەزى ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى «تۈرك» دەپ ئاتىشى
ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس، تۈرك تىلى سىستېمىسىدىكى ھەممىنى
توشۇپ، بىر تۈرك مىللىتى دېيىش پان تۈركىزىم بولىدۇ» دېگەن مەز-
مۇندا سۆزلىدى. ئۇ، تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويـ
ـدى:

بىرى، ئامېرىكىنىڭ ۋىسكونسىن داشۆسىنىڭ پروفېسسورى كا-
مال كاراپات 85 - يىلى 4 - ئايدا «ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن بىر
تەشكىلاتنى قۇردى. بۇنى ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان «تەشـ
ـكىلات» دەپ، بەزى ئالىملارنى قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت ئـ
ـلىپ بېرىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بەزى ئالىملار بۇنىڭغا قاتناشمىدى،
سەۋەبى بۇ تەشكىلات ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىرقچىلىق ياكى تۈركىزمنى
تەشۋىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان پانتۈركىزم تەشكىلاتى. جۇڭگودىن
چىن فامىلىلىك بىر كاندىدات باشلىق تەتقىقاتچى قاتناشتى. بۇ تەشـ
ـكىلاتنىڭ باشلىقى، تەشكىللىگۈچى كامال كاراپات دېگەن تۈركـ

لىك كىشى بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا ۋىسكونسىن داشۆسىگە كەلگىنىگە 20 نەچچە يىل بولغان. ئۇ داۋاملىق تۈركىيىگە بېرىپ تۇرىدىكەن ۋە تۈركىيىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرىدىكەن.

ئىككىنچىدىن، ياۋروپادىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتارلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئۇيۇشمىسى» دېگەن بىر تەشكىلاتى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، پەقەت «يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» دېگەن چۈشەنچە بىلەنلا مۇناسىۋەت قىلىدىغان، بۇنىڭ كاتتىلىرى سىياسىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. (ئۇلاردىن، م. جەمەت قاتارلىقلار) بۇ تەشكىلاتتا يەنە ئاشۇ مىللەتلەردىن چىققان بەزى پروفېسسورلارمۇ بار.

بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى نېمە؟ دەپ سورىغاندا، ئۇلار «دىنىمىز ئىسلام، مىللىتىمىز تۈرك، يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان» دەيدىكەن.

بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇپ، مىللىتىمىز تۈرك دېگىنىگە قارىغاندا بۇ بىر مىللەتچى يان تۈركىزمچى تەشكىلات ئىكەن. بۇلار تارىختىن قېپقالغان يان تۈركىزمنى مۇشۇنداق تەشۋىق قىلىدىكەن. بۇلارنىڭ باشلىقلىرى تۈركىيىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت قىلىدىكەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ھازىر بەزى دۆلەتلەردە «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن تۈزۈلۈشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى بىزنى ھوشيارلاشتۇرۇشى لازىم. چۈنكى خەلقئارادىكى پان تۈركىزم تەشكىلاتىنىڭ بىردىنبىر ئوبيېكتى - شىنجاڭ.

تارىختىن بۇيان ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيە، گېر

مانيه ۋە گومنداڭ قاتارلىقلار شىنجاڭدا پان تۈركىزم قورالى ئارقى-
لىق ئىسيانچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدە، قولىمىزدا كۆپ تارىخى
پاكىتلار بار.

# غەربىي گېرمانىيىدىكى ئەھۋاللار دىققىتىمىزنى جەلپ قىلسۇن

غەربىي گېرمانىيىدە 15 كۈنلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريا-
نىدا، ئىگىلىگەن ئەھۋاللار توغرۇلۇق ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ دوكلات
يازدۇق.

1 - ئىلمىي پائالىيەتكە ئائىت؛

2 - چەت ئەللەردىكى بۆلگۈنچىلەر توغرىسىدا.

چەت ئەللەردىكى بۆلگۈنچىلەر توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە دوكلات
يازىمىز.

1 - 1989 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى غەربىي گېرمانىيىنىڭ
كۆلن شەھىرىدە، غەربىي گېرمانىيە تۈركىستان تەتقىقات ئىنستىتۇ-
تى باشلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇساپىرلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى پرو-
فېسسور. دوكتور × × × سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى مەسىلىگە
ئائىت ئىككى ئىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى: ① بىرىنىڭ ئىگىلە-
گەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللىي زىددى-
يەت ھەل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ھاكىمىيەت ئاپپارا-
تىدا، غەربىي ستراتېگىيىدە ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچ-
كى سىياسەتتە جۇڭگونىمۇ ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم دۆلەتلەرگە قارى-

تا باشقىچە پائالىيەت يۈرگۈزىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى قارمىقىدا 225 ئادەمدىن تەركىب تاپقان سوۋېت مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئورگىنى قۇرۇلدى. بۇ ئورگاننىڭ يېرىم ئايلىق ئىچكى ئاخبارات ماتېرىيالى بولۇپ، ھۆكۈمەت، ھەربىي قاتارلىق ئورگانلارنىڭ يۇقىرى رەھبەرلىكىگە تارقىتىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئامال قىلالىسام، بۇ ئىچكى ماتېرىيالدىن سىلەرگىمۇ ئەۋەتىپ بېرىمەن. چۈنكى مەنمۇ ئۇلارنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىمەن.

② سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاندىكى ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئافغانىستاننى داۋاملىق ئىشغال قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئافغانىستان پارتىزانلىرىنى رەھىمسىز ئۇرۇۋاتىدۇ، باستۇرماقتا. شۇڭا بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتىگە قارشى، غەربىي گېرمانىيىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇساپىرلار جەمئىيىتىنى قۇردۇق، ئافغانىستاندىكى پارتىزان قوشۇنلىرىغا ماددىي، مەنىۋى ياردەم بېرىۋاتىمىز. يېقىندا بىر مىليون مارك ئىئانە توپلاپ 2800 تال چوڭ - كىچىك قورال ئەۋەتىپ بەردۇق. ئۆتكەندە ئافغانىستاندىكى بىر پارتىزانلار قوشۇنىنىڭ باشلىقى غەربىي گېرمانىيىگە كېلىپ، جەمئىيىتىمىز بىلەن سۆزلىشىپ كەتتى.

2 - 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى فرانكفورتتا، 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كۆلوندا پروفېسسور × × × بىز بىلەن بولغان سۆھبەتتە مۇنۇلارنى ئېيتتى:

① ئامېرىكىدا، خەلقئارا، شەرق ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جامائەتچىلىكىنى ئۆگىنىش ئامېرىكا شوراسى بار. بۇ تەشكىلاتقا پروفېسسور ھافىز مالىك دېگەن پائالىيەتچان بىر كىشى رەھبەرلىك قىلىدۇ:

② ئامېرىكىدىكى 21 ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن
ئىسلام تەتقىقات ئورگىنى بار. بەقەت نيۇ - يورك شەھىرىدىلا يېقىن
شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا (شىنجاڭنىمۇ ئىچىگە ئالىدۇ) ئىسلام دىنىنى
ۋە ئۇنىڭغا قارىتىلغان سىياسىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان مەخ-
سۇس 20 ئورگان بار:

③ ئامېرىكا ۋىس كونسىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا پۈتۈن تۈرك مىللىتى-
نىڭ غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا (شىنجاڭنى ئىچىگە ئالىدۇ)
دىكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈرك دەپ
ھېسابلايدۇ) ئىسلام تارىخى تەتقىقات ئىنستىتۇتى بار. بۇنىڭ باش-
لىقى پروفېسسور كامال كاراپات:

④ بۇنىڭدىن باشقا تۈركىيە، پاكىستان، ئەنگلىيە، غەربىي گېر-
مانىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردىمۇ ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىدىغان ھەر
خىل شەكىلدىكى ئاساسلىقراق ئورگانلاردىن 17 سى بار. بۇ ئور-
گانلارنىڭ بەزىلىرى باشقا سىياسىي مەنپەئەتلەر ئۈچۈن، بەزىلەر
پانتۈركىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بەزىلىرى پۈتۈن مۇسۇل-
مانلارنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بەزىلىرى رەسمىي ئىلمىي تەتقىقات
ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

يېقىندا ئامېرىكىدا ئېچىلىدىغان ئىسلام تەتقىقات مۇھاكىمە يىغى-
نىغا مەنمۇ تەكلىپ قىلىنغانىدىم. قاتناشمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.
چۈنكى بۇ ئىلمىي يىغىن — تەتقىقات نىقابى ئاستىدا، سىياسىي
ئاخبارات توپلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. تۈركىيەدىكى بەزى ئورگانلار
بىلەن بىرلىكتە ئېچىلغان بۇ يىغىنغا شىنجاڭدىن بەزىلەر تەكلىپ قىلىن-
غان. ئۇ كىشى ئامېرىكا تەرىپىدىن ئەمەس تۈركىيە تەرىپىدىن كۆر-
سىتىلگەن. مەن 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاۋستىرىيەدە ئېچىلىدىغان
ئىسلام تەتقىقات يىغىنىغا بارىمەن. بۇ، رەسمىي ئىلمىي مۇھاكىمە يە-

ىنى بولىدۇ.

بىر سۆھبەت جەريانىدا يۇقىرىقى تەشكىلات ۋە مۇنەسسەلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغىنىمىزدا، × × × پۇرسەت بولغاندا كېيىن تەپسىلىي تونۇشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

3 - پروفېسسور دوكتور ياي 3 × × × ئاتىنىڭ ئۆيىدە ... لكى سۆھبىتىمىزدە «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

سوۋېت قازاقىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ئىتتىپاقى» — يەنىلا ئۆز ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. موسكۋا «ك. گ. ب» تەشكىلاتى، بۇ «ئىتتىپاق» نىڭ ئىچكى پائالىيىتى ئۈچۈن ھەر يىلى مىليونلىغان رۇبلى ئاجرىتىماقتا. ھازىر «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ئىتتىپاقى» ئىككى تەرەپلىمە ھەرىكەت قىلماقتا:

① «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ئىتتىپاقى» غەربىي گېرمانىيەدىكى (مۇنخېندا) ئامېرىكا رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاخباراتچى باشقارمىسىدىكى ئەركىن (ئەيسا ئالپتېكىننىڭ ئوغلى) ۋە ئامېرىكىنىڭ نىيۇ-يورك شەھىرىدە تۈركىستان ئۇيۇشمىسىدىكى غۇلام ياختا قاتارلىقلار ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى رابىتول ئىسلامىيە «ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلار مەسىلىسى بۆلۈمى»، «... شەرقىي تۈركىستان، موڭغۇلىيە مۇستەقىللىق ئالىي بىرلىك ... تەشكىلاتى»، «تۈركىيەدىكى «شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى»، «شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى»، ئامېرىكىدىكى «تۈركىستان ئىتتىپاقى» قاتارلىق ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، «شەرقىي تۈركىستان» توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش رولىنى ئويناماقتا.

② «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ئىتتىپاقى» — شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە دائىر كىتاب، ماقالىلار يازدۇرۇپ ھەر دائى...

مەملىكەتلەرگە تارقاتماقتا. رۇسچە كىتاب ماقالىلارنى سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلىرىگە تارقاتقاندىن باشقا، يەنە ياۋ-
روپادىكى مەملىكەتلەرگە ۋە ئامېرىكىغا ئەۋەتمەكتە. 1987 - يىلى
«شەرق ئەدەبىيات رېداكسىيىسى» نامى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان
ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى مۇناسىۋىتى» دېگەن كىتابنى
نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتقان. بۇ كىتابنىڭ 10 رۇس ئاپتورنىڭ «شەرقىي
تۈركىستان» توغرىسىدىكى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان؛ 1988 - يە-
لى 7 - ئايدا ئۆزبېكىستان ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرنىلىدا «تۈركىستان
(«شەرقىي تۈركىستان») جۇغراپىيە ئاتالمىسى توغرىسىدا» دېگەن
بىر ماقالە، 1988 - يىلى 9 - ، 10 - ئايلاردا ئۆزبېكىستان
قىشلاق خوجىلىق ژۇرنىلىدا «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مارشال ئاتى-
سى»، «شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا» دېگەن ماقالىلار، 1988 -
يىلى 3 - ، 4 - ئايلاردا بۇخارادا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن
ماقالە ئېلان قىلىنغان. بۇندىن سىرت ستالىنىنى تەنقىد قىلغان نۇر-
غۇن ماقالىلاردا «تۈركىستان»، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىبا-
رىلار گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ئىشلىتىلگەن. مانا مۇشۇنداق قىلىش ئارقى-
لىق قازاقىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ئىتتىپاقى» —
تۈركىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردىكى ۋە شىنجاڭدىكى بىر تۈركۈم بۆل-
گۈنچىلەرگە ئىلھام - مەدەت بېرىش رولىنى ئوينىماقتا.

پروفېسسور، دوكتور × × × يوقىرىقى سۆزلەرنى قىلىش بە-
لەن تەڭ، ئەنە شۇ ماقالىلارنى بىر - بىرلەپ بىزگە كۆرسەتتى.

4 - 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پروفېسسور × × × تۆۋەندىكى
ئۈچ مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ مۇنۇلارنى دېدى:

① يېقىندا تۈركىيىدە «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت مىل-
لىي بىرلىكى» دېگەن بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. ئۇيغۇر ۋە قازاقلار-

دىن تەركىب تاپقان بۇ تەشكىلاتقا، گېنېرال مەھەممەت رىزابېكىن باشلىق بولدى. مەھەممەت رىزابېكىن، ئەيسانىڭ «شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى» تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىدىن قالغان. ئورنىغا باشقا بىرسى تەيىنلەنمەكچى. بۇ يېڭى تەشكىلات ھازىر مەخپىي ھالدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئىگىلىشىمىزچە، بۇ تەشكىلاتقا شىنجاڭدىن تاللاپ ئۈچ كىشى پەخرىي ئەزالىققا كۆرسىتىلگەن. مەن «شەرقىي تۈركىستان» لىق بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلار مېنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىشنى خالاشمىدى.

② 1988 - يىلى 9 - ئايدا ئىستانبۇلدا ئېچىلغان خەلقئارا تۈركشۇلوگىيە يىغىنىغا، شىنجاڭ غەربىي ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىدىن فىڭداجىن، مەتتىمىن يۈسۈپ، مۆمىن ئابدۇللا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى توغرۇلۇق تەكلىپ بەرگەنىدىم. تەكلىپىم يىغىن رىياسەتچىلىكى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمىلىكى تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەنىدى. لېكىن مەلۇم ئورگان تەرىپىدىن «فىڭداجىن قاتارلىق بۇ كىشىلەر ئىدىئولوگىيە خىزمىتىنى قىلىدۇ» دەپ رەت قىلىندى.

③ سوۋېت قازاقىستانىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ئىتتىپاقى» ۋە ك گ ب نىڭ بۇ ئىتتىپاققا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى بىلەن تۈركىيەدىكى «شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى» ۋە باشقا ئورگانلار شىنجاڭدىكى مىللىي باشلىقلار ئۈستىدىمۇ تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلار شىنجاڭنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنى «خىتايلارنىڭ جاھىل قولى، شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى بۇرمىلاپ ئىنكار قىلغۇچى» دېيىشىدۇ.

پروفېسسور × × × 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۆز ئۆيىدە خاتىرە رەسىم ئالبومىنى بىزگە كۆرسىتىپ، ئىچىدىكى كىشىلەرنى بىر -

بىرلەپ تونۇشتۇردى. رەسساملاردىكى بىر ئۆزبېكنى كۆرسىتىپ: «بۇ مېنىڭ يېقىن ساۋاقدىشىم، ھازىر تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ رازۋېدكا خىزمىتىگە مەسئۇل. بۇرۇن باردى - كەلدىمىز خېلى قويۇق ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئالدىراشلىقتىن مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى» دېدى.

5 - 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچقۇرۇن، غەربىي گېرمانىيەدىكى «ئازات تۈركلەر سوتسىيال، مەدەنىيەت ياردەملىشىش دەرنىكى»نىڭ تۆت مەسئۇلى بىز ياتقان مېھمانخانىغا كەلدى. ئۇلار: ① دەرنەك باشلىقى: ئابدۇغاپپار چاقىبەر؛ ② مۇئاۋىن باشلىقى: مەرھابا چالىسكان؛ ③ ئەزاسى: ئىسمايىل سەۋەنجان؛ ④ ئىدرىس ئەرول.

ئىدرىس ئەرول بىلەن ئىسمايىل سەۋەنجان 1947 - يىلى شىنجاڭدىن گەنسۇ ئارقىلىق تۈركىيەگە قېچىپ كەتكەنلەر ئىكەن، ئابدۇغاپپار چاقىبەر ۋە مەرھابا چالىسكان بولسا، ئىلگىرى قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىكەن.

ئۇلار بىلەن ئىككى سائەتچە سۆھبەت قىلىشتۇق. «قازاق تۈركلىرى سوتسىيال ۋە مەدەنىيەت ياردەملىشىش دەرنىكى»نىڭ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بېرىش بىلەن بىللە بىزدىن بىر قانچە سوئال سورىدى. ئۇلار تۈركىيەگە كەلگەندىن بېرى، شىنجاڭغا بېرىپ باقمىغان ئىكەن، شۇڭا چەت ئەللەردىكى ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نىسبەتەن توغرا تونۇشتا بولالماي كەلگەن ئىكەن.

58 ياشلىق ئىدرىس ئەرول: «ئانا يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان. دەرنەكنىڭ مەقسىتى -- شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن تۈرك قېرىنداشلارنىڭ مەدەنىيەتلىك، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى قولغا

كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركلەرنى دۇنياغا تونۇشتۇردى. بۇ ھەقتە بىر گېزىتىمىز بار ....».

ئىسمايىل سەۋەنچان، دەرنەكنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «مەقسىتىمىز — شەرقىي تۈركىستاندىكى، سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى تۈرك قېرىنداشلار بىلەن ياۋروپادا تارقاق ياشاۋاتقان قازاق تۈركلىرى — بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئائىلە كىشىلىرى يەنى تۈرك مىللىتى دەپ قاراش ۋە مۇشۇ مىللەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. مەمتىمىن ھەزرەت، ئەيسا بەگ، قالىبېك ئاقساقاللار ئەل سۆيۈشتەك، تارىخ يېزىشتەك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەن. بىزمۇ ئۇلارنىڭ شۇنداق روھىنى داۋاملاشتۇرىمىز».

ئۇلار، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپ تەرەققىياتىدا، قازاق كادىرلارنىڭ ئەھۋالىغا ئائىت سوئاللارنى سوراش بىلەن بىللە، «شەرقىي تۈركىستاندا مىللەت مەسىلىسى قانداق؟ قازاقلار يەنىلا چارۋا بېقىپ، باشقىلار بېسىدىغان ئەھۋاللار بارمۇ؟ قانداق يېڭىلىقلار بار؟» دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىز ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردۇق ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى، ئاپتونومىيە، مىللىي كادىرلار، زىيالىيلار سىياسىتىنى، مائارىپ - مەدەنىيەت، ئەدەبىي - سەنئەت، سەھىيە، نەشرىيات، رادىئو - تېلېۋىزىيە، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلگەن ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى ئۇرغۇن پاكىتلار ۋە سان - سىپىرلار بويىچە بىر - بىرلەپ چۈشەندۈردۇق.

چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «قازاق تۈركلىرى سوتسىيال ۋە مەدەنىيەت ياردەملىشىش دەرنىكى» باشلىقى ئابدۇغاپپار چاقىبلەن: «يۇرتىمىزدىكى تەرەققىياتنىڭ مۇنچىۋالا چوڭ بول-

غانلىقى توغرىسىدا بۇگۈنكىدەك سىستېمىلىق مەلۇمات ئاڭلىمىغاندۇق. ئۇرغۇن مەسىلىلەر توغرۇلۇق تونۇشىمىز ئايدىڭلاشتى» دېدى.

بىز ئۇلارغا: «شىنجاڭغا بېرىپ مۇشۇ ئەمەلىيەتلەرنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ كېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز» - دېدۇق.

دەرنەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەرھابا جالىستان مۇنداق دېدى: «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» تەشكىلاتىنىڭ 38 دائىمىي ئەزاسى بار. بەزى قوشنا دۆلەتلەردىكى قازاقلاردىنمۇ ئەزالىرىمىز بار. غەربىي گېرمانىيىدىلا 60 ئائىلىلىك، 180 قازاق قېرىندىشىمىز بار. تەشكىلاتىمىز مۇشۇ ئەزالىرى بىلەن بىللە پات - پات باش قوشىدۇ، پۈتۈن قازاق تۈركلىرىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن قازاق تۈركلىرىنى كۈتۈۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ».

ئابدۇغاپپار چاقىبلەن: «شىنجاڭدىن ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنى ئاساس قىلغان 15 كىشىلىك بىر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ غەربىي گېرمانىيىگە كېلىشىنى تەكلىپ قىلىمىز، ئۇلارنىڭ راسخوتىنى بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز. بۇ پىكرىمىزگە غەربىي گېرمانىيە دائىرىلىرى تامامەن قوشۇلىدۇ. ئىلگىرى سوۋېت قازاقىستانىدىن غەربىي گېرمانىيىگە مۇشۇنداق سەنئەت ئۆمىكى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغانىدى. بىز قوشۇلمىدۇق...» دېدى.

ئابدۇغاپپار چاقىبلەنىڭ تەكلىپىگە جاۋابەن، «بىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ ئاندىن جاۋاب بېرەيلى» دېدۇق.

6 - ئۆتكەن يىل شىزاڭدا ۋەقە چىقىشتىن ئىلگىرى، غەربىي گېرمانىيە بون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تىل ۋە مەدەنىيەت

ئىنستىتۇتى ( شىزاڭ ، موڭغۇل ۋە تۈركولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ ) دالاينى تەكلىپ قىلىپ ، شىزاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر لېكسىيە سۆزلەتكەن ، دالاي لېكسىيە جەريانىدا شىزاڭنىڭ مۇستەقىللىقى توغرۇلۇق جار سالغان . لېكسىيىنى شىزاڭ ، موڭغۇل ۋە تۈركولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملار ئاڭلىغان .

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن مەلۇم بولۇشىچە ، دالاي لاما غەربىي گېرمانىيىدە « تىبەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مىللىي بىرلىك تەشكىلاتى » نى قۇرغان . دالاي غەربىي گېرمانىيىگە كەلگەندە ، غەربىي گېرمانىيە زۇڭلىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان . ئۇنىڭ تەلىپى رەت قىلىنغان .

7 - غەربىي گېرمانىيىدىكى « ئوتتۇرا ئاسىيا مۇساپىرلار جەمئىيىتى » نىڭ ئەزاسى ، تۈركىيىدىكى سابىق « مىللەتچى ھۆررىيەت پارتىيىسى » نىڭ رەئىسى تۈركەشنىڭ شەخسىي كاتىپى ، فرانكفورتتا تىجارەتچى نىقابى ئاستىغا كىرىۋالغان [redacted] ئۆزبېكچە ، تۈركچە ، رۇسچە ، ئىنگلىزچە ، نېمىسچە ، فرانسۇزچە ، ئەرەبچە تىللارغا مۇكەممەل بىر ئادەم ئىكەن . ئۇ ، پروفېسسور دوكتور × × نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە فرانكفورتتا بىزنى كۈتۈۋېلىش ، ئۇزىتىش ئىشىغا مەسئۇل بولدى . فرانكفورتتىن ئايرىلىش ئارىلىقىدا ئۆتكەن ئىككى كۈنلۈك ئۇچرىشىش جەريانىدا ، تۆۋەندىكى مەزمۇندا مەلۇمات بەردى : ① ھازىر تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىرتقا قارىتا ئېلان قىلغان سىياسىتى بىلەن ئىچكى جەھەتتە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتى تامامەن باشقا . ئۇ ، شىنجاڭ ، سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيىسى بىلەن باشقا جايلاردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى « بىر تۈرك مىللىتى » دەپ قارايدۇ . تۈركىيە دائىرىسىدىكى كۇرت قاتارلىق مىللەتلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋە شىن-

جايلاردىكى مىللەتلەرنى تۈركلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ھەر قانداق تەشكىلات ۋە ئەخسىيلەرنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەرىكەتلىرىنى ئىچكى جەھەتتىن قوللايدۇ؛ ② غەربىي گېرمانىيە فرانكفورتتا قۇرۇلغان «داغ يەلى نەشرىياتى»، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركلەشتۈرۈش، تۈركىيە ئىچىدىكى باشقا مىللەتلەرنى ئېتىراپ قىلماسلىقى، ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئەركىن ئىشلىرىغا تۈركلەشتۈرۈش نۇقتىنەزەر بىلەن ئارىلىشىش سىياسىتىگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قاراشلىرىنى غەربىي گېرمانىيەدىكى بىر يېرىم مىليون تۈركنىڭ ئىچىدە قوللايدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

8 - پروفېسسور دوكتور × × ، بىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى تەتقىقات ئىشلىرىمىزنى ياخشىلىشىمىز ئۈچۈن، بەزى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«① يېقىنقى بىر قانچە ئون يىلدىن بېرى، تۈركىيە ۋە ياۋروپادىكى بەزى مەملىكەتلەردە «شەرقىي تۈركىستان» تارىخى توغرىسىدا سىلەرنىڭ ئىرادەڭلەرگە ۋە سىياسىتىڭلارغا زىت يېزىلغان كىتابلارنىڭ سانى 60 تىن ئېشىپ كەتتى. ھازىر ياۋروپانىڭ بىر قانچە يېرىدە «شەرقىي تۈركىستان» غەۋغاسىنى قوزغاتقان بىر مۇنچە تەشكىلات، گېزىت - ژۇرنال بار، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەكلىرى بار. مېنىڭچە، سىلەرنىڭ بۇ ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىڭلار يېتەرلىك ئەمەس. تۈركىيەدىكى ۋە ياۋروپادىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، شەرت - شارائىت ھازىرلاش ئىمكانىيىتى بار. ئەگەر، لايىق كۆرسەڭلەر، سەۋىيىلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەخلاقلىق بىر ئائىلە ئۇيغۇر زىيالىيسىنى غەربىي گېرمانىيەگە ئەۋەتسەڭلار، ئۇ «شەرقىي تۈركىستان»غا دائىر كىتاب، ژۇرنال، گېزىت ۋە باشقا خەۋەرلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرىدۇ. چۈنكى غەر-

بىي گېرمانىيە — ياۋروپانىڭ بىر كۆۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. بىز سىلەرنىڭ كېرەكلىك ئېھتىياجىڭلارنى تەمىن قىلىپ بېرىمىز ۋە بۇ جەمئىيەتنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەم قىلىمىز.

② غەربىي گېرمانىيىدە ئىشلەيدىغان بەزى شىنجاڭلىقلار بىلەن ئالاقە ئورناتساڭلار، ئىشلارغا پايدىلىق بولىدۇ. ئۇلار ھەر جەھەتتىن سىلەرگە ياردەم قىلالايدۇ.

③ مەن رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش رېسپۇبلىكىغا قارىتا يۈرگۈزگەن چوڭ مىللەتچىلىك سىياسىتىنى تەنقىد قىلىپ، يەتتە كىتاب، 57 پارچە ماقالە يازدىم. رۇسلار ماڭا قارشى 46 پارچە كىتاب، 270 ماقالە يازدى. (بۇ ماقالە، كىتابلارنى بىزگە كۆرسەتتى). شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭلار كېرەككى، ئۇلۇغ ۋەتىنىڭلارنى پارچىلايدىغان «شەرقىي تۈركىستان» غەۋغاسى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە داۋام قىلىۋاتسا، بۇنىڭغا قارشى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولغان، تارىخىي پاكىتلار بىلەن تولغان رەددىيە ماقالە ياكى كىتاب يېزىپ، ئۆز ھەقىقىي ئەھلىيىتىڭلارنى ياۋروپا خەلقىگە تەشۋىق قىلىشىڭلار بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. ئەمما سىلەر بۇ جەھەتتە ئەھمىيەت بېرىشىڭلار ناھايىتى يېتەرسىز بولىۋاتىدۇ.

مەن ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقىنىڭ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك دوستى بولۇپ قېلىشنى خالايمەن. چۈنكى شىنجاڭ خەلقى، ئۇيغۇر خەلقى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدەك ئۇلۇغ دۆلەتتىن ئايرىلىپ قالسا، ھەرگىزمۇ دۇنيادا مۇستەقىللىك مىللەت بولۇپ يەرىدە تۇرالمايدۇ.

مەن شىنجاڭغا بارغاندا خۇاڭ باۋجاڭ ئەپەندى، فىك ئاجىن ئەپەندى ماڭا ئىنتايىن چوڭقۇر دوستلۇق تەسىرى قالدۇردى.

غەربىي گېرمانىيىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئىگ-
لىگەن ئەھۋاللارنى رەھبەرلىكنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ پاي-
دىلىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# بەزى ئەھۋاللار توغرىسىدا
# دوكلات

1 - يېقىنقى يىللاردىن بېرى سوۋېت قازاقىستاندىكى «ئورتاق
تۈرك مەدەنىيەت تارىخى» نى مەزمۇن قىلغان پانتۈركىزم تەشۋىقاتى-
نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئېلىمىزدىكى بەزى قازاق زىيالىيلىرى نەچچە
ئون پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە كىتاب يېزىش بىلەن «مەدەنىيەت ئومۇ-
ملۇقى» دېگەن پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقىپ، يا-
مان تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ، ئاساسەن كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقى-
قات ساھەسىدە كۆرۈلمەكتە. بۇ زىيالىلار خەلقئارا ۋە ئېلىمىزدە ئال-
لىبۇرۇن مۇقىم بىر كۆز قاراشقا كېلىپ بولغان مەسىلىلەرنى چەتكە
قايرىپ قويۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بىر مۇنچە نادىر ئەسەرنى
ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىنى «پۈتۈن تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مەدە-
نىيەت مەھسۇلى» دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەتتا قازاقىس-
تاندا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قازاقچە تەرجىمە نۇسخىسىغا كىرىش سۆز
يېزىش مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيەت خەزىنىسىگە چاڭ سال-
غان ئىدىيىمۇ ئېلىمىزدە ئەينەن تەشۋىق قىلدى. قازاقىستاندا نەشر
قىلىنغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قازاقچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ كىرىش
سۆزىدە، «بۇ ئەسەر قازاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق،

جۇڭگولۇقنىڭ ئەمەس، دېگەندەك ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن. بېيجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتى قازاق بۆلۈمى بۇ ئەسەرنىڭ قازاقىستان تەرىپىدىن يېزىلغان كىرىش سۆزىنى ئۆزگەرتمەستىن كۆچۈرۈپ بېسىپ، «ئورتاق تۈرك مەدەنىيىتى» دېيىلگەن ئەكسىيەتچى ئىدىيىگە يول قويۇپ بەردى.

2. يېقىنقى يىللاردىن بېرى تۈركىيىدىكى «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» ۋە غەربىي گېرمانىيىدىكى «قازاق تۈركلىرىنىڭ سوتسىيال، مەدەنىيەت ياردەملىشىش دەرنىكى»، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى»نى، «خەنزۇلارغا ۋە جۇڭگو گۇڭچەنداڭغا قارشى ئىدىيىنى تەرغىپ قىلىدىغان 4 - 5 خىل كىتاب ۋە مۇراجىئەتنامىدىن نەچچە مىڭ پارچە بېسىپ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن شىنجاڭغا كىرگۈزدى. مەسىلەن:

1) تۈركىيىدىكى «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى»نىڭ باشلىقى خەلىپە ئالتايىنىڭ 1980 - يىلى تۈركىيىدە بېسىلغان «ئەستىلىكلىرىم» (كەچۈرمىشلىرىم) دېگەن كىتابىدا، 1930 - يىلدىن بۇيانقى قازاقلارنىڭ خەنزۇلارغا قارشى كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن.

2) 1981 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان خەلىپە ئالتايىنىڭ «ئانا ۋەتەن شەرقىي تۈركىستاندىن ئاناتولىيىگىچە» دېگەن كىتاۋىدىمۇ ئاساسەن ئاتالمىش «ئوسمان باتۇر» باشچىلىقىدىكى قازاقلارنىڭ خەنزۇلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقى، ئوسمان باتۇرنى كوممۇنىستلارنىڭ «ھىيلىگەرلىك» بىلەن تۇتۇپ چۈشۈرۈپ ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تارىختا مەڭگۈ «خاتىرىلىنىدىغانلىقى» سۆزلىنىدۇ.

3) «ئاسارەتتە قالغانلار» دېگەن كىتابتا ئاساسلىقى، كوممۇنىستلار دۇنياسىدىكى جۇڭگودىكى ۋە سوۋېتتىكى قازاقلارنىڭ «ئا-

سانائەتتە ياساۋاتقانلىقى، لېكىن، بولۇپمۇ بىزلەرنىڭ جۇڭگو تۇپرىقىدى-كى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللىرى تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور بۇ ماتېرىياللار-نىڭ شىنجاڭدىن تۈركىيىگە بارغان كىشىلەر تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىنى يازىدۇ.

4) باندىت قالىبەكنىڭ «ۋەسىيەتنامىسى» دېگەن نەرسىدە ئاساس-لىقى: «مەن ۋە مېنىڭ نۇرغۇن قازاق قېرىنداشلىرىم كۆپ جاپالىق كۈرەشلەرنى قىلىپ، غەلىبە قىلالماستىن ئۆلۈپ كەتتى. پۈتۈن قازاق يىگىتلىرى مېنىڭ ئوغلۇم. سىلەر ۋە باشقىلار مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئانا يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستاننى ئەزگۈچىلەرنىڭ قولىدىن چوقۇم قۇتقۇزۇۋېلىشىڭلار لازىم. بۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىز قا-زاقلار دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە تارقىلىپ كەتتۇق. مۇمكىن بولغىنىچە ئىتتىپاقلىشىڭلار!» دېگەندەك مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

5) 1982-يىلدىن باشلاپ «تۈرك تارىخى» دېگەن كىتاب ئې-لىمىزگە كۆزلەپ كىرگۈزۈلدى. بۇ كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا «قازاق تۈركلىرىنىڭ مىللىي قەھرىمانى» دەپ ئاتالغان باندىت ئوسماننىڭ سۈرىتى بېسىلغان.

6) سوۋېت قازاقىستاندىكى بىر نەشرىياتچى گۇرۇھ تەرىپىدىن نەشر قىلىپ شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن «[illegible]» دېگەن رومانىدا، دۇن-يانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قازاقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، قازاق ئې-مپېرىيىسى قۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان.

7) چەت ئەل بىلەن مىكرودىسكا ئارقىلىق ئالاقە قىلىۋېتىپ قولغا چۈشكەن قاچقۇن ئۆمەرنىڭ «[illegible]» ناملىق رومانى. ئۇ تول-غان ئېلىشىشنىڭ ئالدىدىلا خەلق ئەدەبىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان ئىدى. بۇ رومانىنى ئوقۇغان بەزى پروفېسسور ھەم كا-دىرلار: «بۇ، خەنزۇلارغا قارشى يېزىلغان ئەڭ تىپىك رومان ئىكەن»

دېيىشمەكتە.

3. 1935 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان مىرجاقۇپ دۆلەتوفنىڭ «ئويغان قازاق» ناملىق شېئىرى ئالتاي ۋىلايەت ئەدەبىيات ژۇرنىلى «ئالتاي ئاياسى»نىڭ 1 - سانىدا قايتىدىن بېسىلغان. ئۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

كۆزىڭنى ئاچ، ئويغان قازاق، كۆتەر بېشىڭنى.
ئۆتكۈزمەي زۇلمەتتە بىكار ھاياتىڭنى.
يۇرت كەتتى، دىن ئاياغلاپ ھالىمىزمۇ خاراپلاشتى.
قازاقىم، ئەمدى يېتىش يارىمايدۇ.

چەت ئەل ئەكسىيەتچىلىرى ئىدىيولوگىيە ساھەسىدە ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان، بىرلىكنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي تونىلاڭ ئىدىيەلا بېسىقتۇرۇلغان شارائىتتا «ئويغان قازاق» دېگەن بۇ شېئىرنى ئېلان قىلىنىشى نېمىگە ھاجەت بولۇپ قالغاندۇ؟!

شىنجاڭ فولكلور جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «مىراس» دېگەن ژۇرنالنىڭ 1985 - يىلى 3 - ، 4 - ، 1986 - يىلى 1 - ، 2 - سانلىرىدا سوۋېت قازاقىستانىنىڭ «بىلىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «تۈرك، قازاق، قىرغىز خانلىرىنىڭ شەجەرىسى» دېگەن ماقالىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىدا، قازاق خەلقى ئەسلى جۇڭگولۇق ئەمەس، دېگەن ئىدىيە تەشۋىق قىلىنغان.

4. چەت ئەللەردە مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئەكسىيەتچى قازاق تەشكىلاتلىرى بار:

1) سوۋېت قازاقىستانىنىڭ پايتەختى ئالمۇتادا 1970 - يىلى «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق كومىتېتى» دېگەن تەشكىلات قۇرۇلغان. بۇنىڭغا سوۋېت ك گ ب بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىدۇ. بۇ تەشكىلات ئىلمىي نىقاب ئاستىدا

هەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ تۈركىيە، غەربىي گېرمانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئامېرىكىلاردا شۆبىلىرى بار.

2) تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىدە 1986 - يىلى 12 - ئايدا «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» قۇرۇلدى. بۇنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى تەيۋەن ھەم ئامېرىكىدا تۇتقۇنغان ۋەتەن خائىنى دەلىلقان (قازاق)، يەنە بىرى، مامۇت پىلىز (قازاق). مامۇت پىلىز «تۈركىيە ئاۋازى» رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۆتەيدۇ. بۇ «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» رادىئو ئارقىلىق دۇنيادىكى قازاقلارنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ، «شەرقىي تۈركىستان» ئىدىيىسىنى قازاقلارغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ.

3) «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» ھەر دائىم قازاقىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق كومىتېتى» بىلەن زىچ ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ.

4) «قازاق تۈركلىرى ۋەخپى» ھەر خىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئاخبارات توپلاپ، تۈركىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەخپىي ئورگانلىرىغا ئىچكى ماتېرىيال يوللاپ تۇرىدۇ. بۇ ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭ ۋە سوۋېت قازاقىستانىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەشكىلاتتىكى بىر مۇنچە كىشىلەر تۈركىيە ساقچىلىرىغا باغلانغان جاسۇسلاردىن ئىبارەت.

5) سوۋېت قازاقىستانىنىڭ پايتەختى ئالمۇتاتادا 1988 - يىلى 9 - ئايدا «ئۇيغۇرىستان پارتىيىسىگە ھازىرلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلغان. بۇ گۇرۇپپىغا زامانبەك ئىسىملىك بىر قازاق رەھبەرلىك قىلىدۇ.

6) قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتاتا، ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنت، قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى پىرونزىدىكى مىللىي بۆل-

گۇنچىلەر بىرلىشىپ، «شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى» دېگەن تەشكىلاتنى قۇرغان. بۇلارنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەت مەركىزى ئالمۇتادا.

## ئالمائاتادىكى «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» گېزىتى

سوۋېت قازاقستاننىڭ مەركىزى ئالمائاتادىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي مىللىي بىرلىك سەپى» 1979 - يىلدىن ئېتىۋار «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» دېگەن گېزىت نەشر قىلىشقا باشلىدى.

بۇ گېزىت باشتىن ئاخىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مىللىي، دىنىي ۋە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىگە قارشى زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان ماقالىلارنى بېسىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ۋەتەننى پارچىلاشقا، «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇ گېزىت تۈرلۈك يوللار بىلەن شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، خەلق ئىچىدە بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇقنى چېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

گېزىتنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنى «شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىمىز، بۈيۈك پەخرىمىز ۋە مەڭگۈ ئۆچمەس ئاۋازىمىز، بىز ئۇنى قەدىرلەيلى! بىر مىنۇتمۇ يادىمىزدىن چىقارمايلى، ئۇنىڭ ئەركىن - ئازاد ھەم تولۇق مۇستەقىللىقى يولىدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئاداققىچە كۈرەش قىلايلى!» دېگەن شوئارلار يېزىلىدۇ.

بىز مۇشۇ گېزىتنىڭ 1989 - يىلى 7 - سانىغا بېسىلغان ماقا-
لىلاردىن ئۆزۈندە قىلىپ بىر پارچىنى بۇ يەردە باستۇق.

ئۈرۈمچىدە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى 19 - ماي كۈنى بولۇپ ئۆتكەن قۇدرەتلىك مىللىي نامايىشنىڭ مىللىتىمىزگە بەرگەن بۈيۈك مىللىي روھى، بۇ روھنى بېسىش ئۈچۈن خىتاي جاللاتلىرى ئېلىپ بارغان بېسىقتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي بۇلاش ھەرىكەتلىرى، ئۇلۇق ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ بولغۇسى مىللىي تەقدىرى

شۇ يىل 19 - ماي ئۈرۈمچىدە خىتاي زومىگەرلىرىگە قارشى بولۇپ ئۆتكەن قۇدرەتلىك مىللىي خەلق نامايىشىغىچە خىتايلار بۇ دەياردا «بېيجىڭگە قارشى نەپرەتلىك مىللىي نامايىش بولمايدۇ» دەپ ئويلىمانىدى. چۈنكى خىتايلار بۇنىڭدىن بۇرۇن بېيجىڭ، لەنجۇ، ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە ئىلى ئۆلكىلىرى. ئۈستى - ئۈستىگە يىغىن ئېچىپ، يۈزلىگەن ئىدارە جەمئىيەتلەر بىلەن مىڭلىغان شەخسىنى: «مىللىي دوستلۇقنىڭ نەمۇنىچىلىرى» - دەپ ماددىي، مەنىۋى مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى يابقاندا. مۇشۇنداق ھۆكۈم چىقارغانىدى. ئەمدى بۈگۈن بولسا خىتايلار 19 - ماي ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى شۇنداق ئاددىي سەۋەبلەر بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇكى، گويا بۇ ۋەقە شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان بىر بىر دانە كىتاپقا قارشى بىر نوچۇم لۈكچەكلەر ئويۇشتۇرغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتمىش. بۇ لۈكچەكلەرنى قەتتىي جازالاپ تۈگىتىۋېتىش لازىممىش؟! بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز گېزىتىمىزنىڭ بۇ سانىدا 19 - ماي ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسىي ئۈچ چوڭ سەۋەب ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1 - ھەممىمىزگە مەلۇم ، خىتاي تارىخچىلىرى ۋە ئۇلارنى قوللىغان خىتاي ئەمەلدارلىرى ، شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ مىللىي تارىخىغا قارىتا ئىلگىرى - كېيىن خىيانەت كۆزى بىلەن قاراپ كەلدى. ھېچقاچان خىتاي تارىخى ئىچىدە بولمىغان، ئۇنىڭغا زادىلا بويسۇنمىغان ، ھەتتا ئۇرغۇن جەھەتتە خىتاي تارىخىدىن ئۈستۈن تۇرۇپ ، خىتاي سېپىلىنىڭ تېشىدىكى كەڭ تۈركى خەلقلىرى يېرىدە 6 - 7 مىڭ يىلدىن بېرى دارىل سەلتەنەت قۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇلۇق ھون - تۈرك ، ئۇيغۇر تارىخىنى خىتاي تارىخىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇشقا ئىرىشىپ كەلدى . ياكى ئۇنى بۇزۇپ بۇرمىلاپ كەلدى . شەرقىي تۈركىستان خەلقى 19 - ماي كۈنكى نامايىشتا ، بۇ مەسىلىدە ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم بويسۇنماس ئىرادىسىنى كۆرسەتتى .

2 - خىتاي ۋەھشىي ئۇرۇش خۇمارلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ جىسمانىي سالامەتلىكىگە ، روھىي ساغلاملىقىغا ، دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇتەدىل تازا يەر سۇلىرىغا قىلغان ئوچۇقتىن - ئوچۇق تاجاۋۇزى — ئاتوم يادرو سىناقلىرى بىلەن ھەربىي زاۋۇتلىرى ئارقىلىق تارقىتىپ كەلگەن خىمىيۋى بۇلغاشلىرى كاساپىتىدىن ، ئەزىز دىيارىمىزدا يۈز بەرگەن دەھشەتلىك ئۆپكە ، جىگەر ، ئۈچەي راكلىرى بىلەن ئېكلولوگىيىلىك پاجىئەلەرنى بۈگۈن پۈتۈن دۇنيا خەلقى ياخشى بىلىپ ، ئۇنىڭ سەۋەبچىلىرى خىتاي قاتىللىرىغا لەنەت - نەپرەت ياغدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ . 18 - ، 19 - ماي كۈنىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك نامايىشلاردا ، پۈتۈن نامايىشچىلار ئاغزىدىن خىتايغا قارشى مانا بۇ ھەقتانى نارازىلىق ئاۋازلار يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك جاراڭلىدى .

3 - شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمى مۆجىزىلىك تارىم ئويمانلىقىدىن شۇ يىل ئاپرېلدىن باشلاپ ، دۇنياغا نامايان بولغان 30 مىليارد تونناا نېفت سادىسى ئەينى شۇ بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەر يۈزىگە

ئۈچ خىل خەۋەر تارقاتتى. بىرىنچى خەۋەر سۈنداق جاراڭلىق ھەم قانۇنلۇق خوش - خەۋەر ئىدىكى، تارىم ئېفتى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئەڭ مول ئېفت بۇلىقى بولۇپ، بۇ بۇلاقنىڭ ئىگىسى شەرقىي تۈركىستانلىقلار، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئەڭ باي ھەم بەختلىك كىشىلىرىدۇر دەپ بىزنى تەبرىكلەشتى. ئىككىنچى خەۋەر ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە ۋە گېرمانىيىلىك سانائەتچىلەرنىڭ ئاۋازلىرى بولۇپ، بۇلار بۇ ئاجايىپ ئېفتنى ئېچىشتا، شەرقىي تۈركىستانغا ھەقىقىي ماددىي ھەم تېخنىكىلىق ياردەم بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۈچىنچى ئۈكتەم خەۋەر خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئادەتتىكى شۇم خەۋىرى بولۇپ، ئۇلار بۇرۇنقىسىدىنمۇ غالجىرلىشىپ: «تارىم بايلىقى بىزنىڭ كەلگۈسى بەختىمىز، چۈنكى بۇ يەر خەن سۇلالىسىدىن بۇيان بىزنىڭ يېرىمىزدۇر...» - دەپ دۇنياغا جار سېلىپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي چىقىرىشنى پەۋقۇلئاددە كۈچەيتىۋەتتى. 19 - ماي نامايىشى خىتاينىڭ مانا بۇ ئۇچىغا چىققان يېڭى مۇستەملىكىچىلىك ئىشتاھاسىغا قارشى قاخشاتقۇچ زەربە بولدى.

بىز ئەمدى شۇنى قەتئىي تەكىتلەيمىزكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى مۇندىن كېيىنكى كۈرەشلىرى، مۇشۇ ئۈچ زىددىيەت ئاساسىدا توختىماي داۋام قىلىدۇ. چۈنكى خىتاي جىنايەتچىلىرى بىزنىڭ پاك تارىخىمىزنى ساختىلاشتۇرۇپ، مىللىتىمىزنى ھاقارەتلەش ئۈچۈن، يېڭىباشتىن ناھايىتى چوڭ ھەم زەھەرلىك پىلاندا تارىخىمىزنىڭ تېخى ئېچىلمىغان ئەڭ قەدىمىي ھەم ئەسىل خەزىنىسى تەكلىمكانىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ «ئارخېئولوگلىرى» تەكلىماكانغا بۇ تەرەپتىن كىرىپ، ئۇ تەرەپتىن چارقىلىق ناھىيىسىدىن «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت؟!» قانداقتۇر ئىككى

جەسەت تاپقانلىقىنى يەنى مۇستەملىكىچىلىك ئىشتاھاسى بىلەن جاھانغا ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بىزنىڭ پاك تارىخىمىزغا، مىللىتىمىزگە يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ ھاقارەت كەلتۈردى.

يەنە مۇنۇ ئۈچىنچى چەقتان خىيانەتكە قانداق چىدايمىز: ئۈرۈمچىدىكى خىتاي جىنايەتكارلىرى شۇ يىلى 2 - ئىيۇل كۈنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي تارىخىي ئۈچۈن قىلچىمۇ مۇناسىۋىتى بولمىغان، زادى بىزنىڭ خەلقىمىز بىلمەيدىغان فاشىست ماۋنىڭ ئىسمى ماۋزېيمىن ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە ئىگىزلىكى ئۈچ مېتىردىن ئۇشۇق چوڭ ھەيكەل ئورنىتىپ، ئۇنى «شىنجاڭ ئىنقىلابىي تارىخىنىڭ ئاتىسى؟!» دەپ بېشى بىلەن كۆتەردى. بۇنىڭ بىلەن خىتاي خىيانەتكارلىرى بىزنىڭ ئىنقىلابىي تارىخىمىزدىكى مىللىي قەھرىمانلىرىمىز غۇجام نىياز ھاجىم، شەرىپخان، ئەخمەتجان قاسىمى كەبى ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ شەنىگە، روھىغا يەنە بىر قېتىم ھاقارەت كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ فاشىست ماۋنىڭغا ئەبەدىي سادىق ئىكەنلىكلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى مانا بۇ چوڭ جىنايەتلەرگە ئەمدى يول قويۇپ قاراپ تۇرامدۇ؟! دېمەك، مىللىتىمىزنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۆرىشى داۋام قىلىدۇ.

ئۈرۈمچى رادىئوسىنىڭ شۇ يىلى 15 - ئىيۇل كۈنكى ئالاھىدە خەۋىرىگە قارىغاندا، تارىم، قارا شەھەر دەريالىرى بىلەن باغراش كۆلىنىڭ ۋە شۇ ئەتراپتىكى ئۇرغۇن كىچىك دەريا كۆل، ھەم سۇ ئامبارلىرىنىڭ ئېكولوگىيىنىڭ قەدرى — بۇلغىنىشلىرى دەھشەتلىك ئۇردە تۈس ئېلىپ، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى 70 پائىز ئازىيىپ ھەم قىسقىرىپ كەتكەن. شۇ كۆنگىچە ۋەتىنىمىزدىكى كۆل - دەريالارنىڭ مۇنداق دۇرتۇنۇچلۇق ئېكولوگىيىلىك شۇم خەۋەرلىرى ئاڭلانمىغانىدى.

دېمەك، خىتاي ھۆكۈمدارلىرى ئۆزىنى خۇددى ئاتوم يادرو ھالاكەتلىرىنى يوشۇرغاندەك يوشۇرغان بولۇپ چىقتى. چۈنكى بۇ پاجىئەلەرنىڭ ھەم توغرىدىن توغرا سەۋەبچىسى مۇشۇ خىتايلارنىڭ ئۆزى ئىدى. مانا بۇ شۇم پاجىئەلەرگە ۋە ئۇنىڭ شۇم سەۋەبچىلىرىگە قارشى ئەمدى قانچىلىك چوڭ ھەم جىددىي كۆرەشلەرنىڭ بولۇشى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئالدىدىكى غايەت ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەم مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەردۇر.

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى مانا بۇ ئۈچ بالا - قازا ئاپەتلەرگە توغرىدىن - توغرا ئۆزىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىگە قارىماي، 19 - ماي ۋەقەسىنى باھانە قىلىپ، شۇ يىلى 20 - مايدىن باشلاپ ئاماشىغا قاتناشقان مىللىي پىداكارلارنى جازالاشقا كىرىشكەنىدى. شىنجاڭ گېزىتىنىڭ شۇ يىلى 11 - ، 15 - ئىيۇن كۈنكى باش ماقالىلىرىدا يېزىلىشىچە ۋە كېلىۋاتقان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار بىرلەشمىسى، رايونلۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىرلەشمىسى، رايونلۇق نەشرىياتچىلار بىرلەشمىلىرى تارقىتىلىپ، رەھبەرلىرى «تەكشۈرۈشكە ؟» تاپشۇرۇلغان (قامالغان)، شىنجاڭ ئالىي مەكتىپى ئىچىدە «زوراۋانلىققا قارشى ياشلار ھەرىكىتى» ئىسىملىك يوشۇرۇن تەشكىلات پاش قىلىنغان. 20 - ئىيۇن كۈنى قورغاس شەھرىدە 18 ئەكسىل ھەرىكەتچى تولغا ئېلىنغان. ئىلىدا ئابدۇلھەمە باشلىق 51 جىنايەتچى مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. قۇمۇلدا ئىبراھىم باشلىق ئىككى جىنايەتچى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئىچىپ يۈرگەن سىياسىي قاچقۇنلاردىن 21 ياشلىق قادىر ئاسىم باشلىق ئىككى جىنايەتچى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان. تىسقىسى — ئىككى مىڭدىن ئوشۇق كىشى قاماققا ئېلىنىپ ئۇنىڭغان ۋەتەنپەرۋەر ئېتىپ ئۆلتۈ-

رۇلگەن. قانچە كىشى يوشۇرۇن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، بۇ بىزگە تېخى مەلۇم ئەمەس. توتقۇنلارنى جازالاش، قاچقۇنلارنى ئىزدەش ئىشى ناھايىتى كەڭ داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. ئېلىنغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۈرۈمچىدە 60 مىڭ كالتەكچى جەسەكچى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئەگەر يەنە توپىلاڭ يۈز بەرسە ئۆزەكلەرنى - ئۆزەكلەر ئۇدا بىنە قىلغىلارنى دەپ ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە قورال تارقىتىلغان. مۇشۇ ۋەقەلەر تۈپەيلى بۇ يىل ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشى تېخى باشلانمىدى. ئالىي مەكتەپلەردىكى داۋالغۇش تېخى توختىمىدى. ئىدارە - جەمئىيەتلەردىكى بەدنام ئۆگىنىش ئىشلىرى شۇنچىلىك كۈچىيىپ كەتكەنكى، يەنە ئەشۇ ماۋ دەۋرىدىكى سىنىپىي كۆرەش شوئارلىرى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. ھۆررىيەتكە ئەركىنلىككە قارشى كۆرەش نامى ئاستىدىكى كونا خامان سورۇلىۋاتىدۇ. ھازىر ئۈرۈمچىدە ئوبۇل قاسىم باشلىق ئون ۋەتەنپەرۋەر ئۈستىدە ئوچۇق سوت داۋام قىلماقتا.

خىتاينىڭ مانا بۇ نامەردانە سىياسىي بېسىم ئۆرۈشتىكى مەقسىتى، ھازىرقى ئەڭ چوڭ مەنپەئەت تارىم نېفتىنى خىتايلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ بايلىقىدىن بەھرىلىنىش، چاپسان پايدىلىنىش. مۇشۇ مەقسەتتە ھازىر تارىم بويىنى خىتايلاشتۇرۇش ئىشى شۇنچىلىك جىددىيلەشكەنكى، تېخى ئاپرېلدا كورلىدا يولىغۇن ئىچىدە قۇرۇلغان دەرپىي شتاب كېلىپ، شۇ يىلى 21 - ئىيۇندىن باشلاپ ساپ ئۇيغۇر رايونى كۇچادا يېڭى شتاب قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى كۇچا، كورلا، بۈگۈر، شايار، توقسۇدىن ئىبارەت بەش ناھىيىدە ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن داڭ چىقىرىپ كەلگەن يېرىم مىليوندىن ئوشۇق ئۇيغۇر ئاھالىسى پۈتۈنلەي خەۋپ ئاستىدا قالدى.

دېمەك، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي كەسكىنلىك بۈگۈن نەق ئەۋجىگە چىقتى. بۇ غايەت جىددىيلەشكەن زىددىيەتنىڭ ئاخىرى نەگە بارىدۇ. بۇنىڭغا قارشى نېمە قىلىش كېرەك؟ بۇ بۈگۈنكى بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ئېغىر تەقدىر ۋە ھايات - ماتەم سوئالى. بۇنىڭ بىرىنچىسىنىڭ جاۋابى شۇنچىلىك ئېنىق ۋە قورقۇنۇچلۇقكى، ئۇلۇق ئۇيغۇر دىيارى شەرقىي تۈركىستان ئوچۇقتىن - ئوچۇق خىتايلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا يىلنى، ئاينى ئەمەس، كۈننى ھېسابقا ئېلىپ تۇرۇپ چارە كۆرمىسەك خىتاينىڭ بۇ قارا پىلانىغا يول بېرىپ قويىمىز. نېمە قىلىمىز؟ بۇ سوئالنىڭ نەق قىسقا ھەم جىددىي جاۋابى شۇكى، ئالدى بىلەن خىتاينىڭ ھازىرقى مىللىي بېسقتۇرۇشى بىلەن ئىچكىرىدىن خىتاي چىقىرىشىنى پۈتۈن كۈچ - ھەرىكىتىمىز بىلەن توختىتىۋېتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بېيجىڭنىڭ تارىم ئىشتىھاسىغا قەتئىي قارشى چىقىپ يول قويماي، تارىم بايلىقىنى، ئۇنىڭ ئېكولوگىيىسىنى، بۇ يەردە ھەر قەدەمدە ئۇچرايدىغان نەچچە مىڭ يىللىق مىللىي ئاسارە - ئەتىقىلىرىمىزنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن قوغدىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەننىڭ ئىچى - تېشىدىكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئوچۇق كۆرەشكە چىقىشى لازىم.

# تۈركىيىدە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مەركىزىي كومىتېتىنىڭ» ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات

1985 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئەخمەت زىيايى يولداش تۆمۈر داۋامەتكە ئۆزىنىڭ ھەج قىلىش مەزگىلىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مەركىزىي كومىتېتى» توغرىسىدا ئۇققان ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدى.

ئۇ مۇنۇلارنى ئېيتتى: «مەن 1985 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چېگرىدىن چىقىپ كېتىپ، 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم. سەئۇدى ئەرەبىستاندا 32 كۈن، تۈركىيە ئىستانبۇلدا 8 كۈن تۇردۇم. 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كەچ سائەت 10 لاردا ئىستانبۇل ئايرودرومىغا چۈشتۈم. شۇ چاغدا «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مەركىزىي كومىتېتى» نىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ۋە خىزمەتچىلىرىدىن ھەمدۇللا دوتەي، مىجىت يەھيا، ۋاھىتجان قاتارلىق 12 ئادەم ئايرودرومغا چىققانىدى. ئۇلار «نەيسانىڭ سالامەتلىكى

ياخشى بولمىغاچقا، ئالدىڭىزغا چىقالمىدىم، ئەپۇ قىلارسىز»، دې-
دى. ئاندىن رازىلىقىمنى ئالماي مېنى ئىستانبولدىكى ياۋۇز مېھمان-
خانىغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

8-ئاينىڭ 21-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، سائەت 8 لەردە ئەيسا
بىر تۈرك شوپۇر بىلەن مەن چۈشكەن مېھمانخانىغا كەلدى. ئۇلار ما-
ڭا: «بىز سىز ئۈچۈن ئىككى قېتىم ماتەم يىغىنىنى ئاچقانىدۇق. سىز-
نى كوممۇنىستلار ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى، دەپ ئاڭلىغانىدۇق. بۈگۈن
سىز ساق-سالامەت بۇ يەرگە كەپسىز. تەبرىكلىگۈدەك ئىش بوپتۇ»
-دېدى. كەينىدىلا ئەيسا ئاكا: «بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت بىر-
دە «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كو-
مىتېتى» يىغىن ئېچىپ سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى قارشى ئالماقچى،
يىغىنغا قاتنىشىپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز» دېدى. مەن ماقۇل بولدۇم
ھەم ۋاقتىدا يىغىن مەيدانىغا باردىم. مەيدان 300 كىشى سىغقۇدەك
بىر بىنادا، يىغىن مۇشۇ بىنانىڭ 100 ئادەم باتقۇدەك بىر زالىدا
بولدى. يىغىنغا ئەيسا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا ئامېرىكىدىن
مەخسۇس كەلگەن تەلئەت (بۇ كىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگى-
لىدە ئىلىدىن تۈركىيىگە قېچىپ بارغان ئىكەن)، شۇنىڭدەك كومىتېتنىڭ
مۇھىم ئەزالىرى مۇنەۋۋەردىن ھاجى، مەھمۇد، تۇردى يەھيا، ئەكرەم
بەگ، سۇلتان مامۇت (بۇ ئەسلىدە شىنجاڭ داشۆنىڭ ئوقۇتقۇچىسى
بولۇپ، 83-يىلى ئوقۇغان بولۇش باھانىسى بىلەن چىقىپ كېتىپ
تۈركىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئادەم)، بەكرى ئاخۇنبايوپ،
جالالىيدىن ھاجى، ئوبۇلقاسىم ھاجى، ھەمدۇللا دوتەي، نىياز بەگ
(بۇ كىشى تۈركىيىلىك، مەزكۇر كومىتېتنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «شەرقىي
تۈركىستان ئاۋازى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى) قاتارلىق 60 ئادەم
قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى ئازادلىقنىڭ ئالدى-كەينى-

دە شىنجاڭدىن تۈركىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولسا، يەنە بىر قىسمى بالدۇر تۈركىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى. بۇلار ئاساسەن ياش، قاۋۇل يىگىت، كۆپىنچىسى زىيالىي. بۇلار ئۆزلىرىنى «شەرقىي تۈركىستانچى ئۇيغۇر» دەپ ئاتايدىكەن. يىغىندا ئەيسا مېنى يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا تونۇشتۇرۇپ «ئەخمەت زىيايى بولسا خەلقئاراغا تونۇلغان شائىر، يازغۇچى، ئۇ جۇڭگو مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تۈرمىسىدە قاتتىق ئازابلاندى» دېدى ۋە مېنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇلارغا دېدىم: «مېنىڭ تۈركىيىگە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج قىلىشقا كېلەلىشىم، شۇنىڭدەك ئەسەرلىرىمنىڭ بېيجىڭدا ۋە شىنجاڭدا كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىنىشى، مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆزەمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىم توغرىسىدا، قەشقەر ئەدەبىياتىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغانىدى. شۇ ماقالىنى ئوقۇپ بېرەي» دەپ، شۇ ماقالىنى ئوقۇپ بەردىم.

مەن ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى ئادەم سۆزگە چىقتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ سۆزىدە «بىز ئەركىن دۇنيادا ھېچبىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىدۇق. زىيايى بولسا قىزىل جۇڭگودا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. بۇنىڭغا بىز خىجالەت بولۇشىمىز لازىم» دېدى.

يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن، ئەيسا كەچ سائەت 5 لەردە ئۆيىگە بېرىشىمنى تەكلىپ قىلدى. مەن ۋاقتىدا ئۆيىگە باردىم. شۇ چاغدا ئەيسا، ئامېرىكىدىن كەلگەن دۆلەت، ئاۋىستىرىيىدىن كەلگەن تۇردى يەھيا ۋە مۇنىۋەردىن ھاجى، ئەمدۇللا دونەي، سۇلتان مامۇت، جالالىدىن ھاجى، ۋاھىتجان، نىياز بەگ (تۈركىيىلىك)، ئەركىن (ئەيسانىڭ ئوغلى) لار بار ئىكەن.

ئەركىن سۆزنى باشلاپ ئۇلارنى دېدى: «ھازىر مەن شۇنىڭ-

سارىيىنىڭ سۆزىيىش شەھرىدە ئېچىلغان يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىننىڭ مەقسىتى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا دالاي بىلەن بىرلىشىش، چۈنكى دالاينىڭ مەقسىتىنى ب د ت قوبۇل قىلدى. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەقسىتىمىزنى ب د ت قوبۇل قىلمىدى. شۇڭا شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان كۈرەشنى دالايغا بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. مۇشۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان كومىتېت قۇرۇلدى. دالاي رەئىس. ئەيسا مۇئاۋىن رەئىس بولدى. ئەركىن، ئابلا تىمەن (تەيۋەن داشۆنىڭ مۇئاۋىن پروفېسسورى)، مانجۇرىيىنىڭ بىر پروفېسسورى، ئىچكى موڭغۇلىيىلىك بىر پروفېسسور، جۇاڭزۇ مىللىتىدىن بىر پروفېسسور كومىتېت ئەزالىرى بولدى». ئاندىن تۇردى يەھيا سۆزىنى باشلاپ، ئۇزىنىڭ ئەيسانىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىستالىيىگە بېرىپ ئەيسانىڭ تاپشۇرغان ئىشىنى ئوڭۇشلۇق بېجىرىپ كەلگەنلىكىنى دېدى. ئەيسا سۆز قىستۇرۇپ «بىز بىر «ۋەخپىي» ئىشلار ئىدارىسىنى قۇرۇپ چىتماقچى بولۇۋاتىمىز. بۇ نورگان قۇرۇلسا بىز قانۇنلۇق ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ژۇرنال چىقىرالايمىز، رادىئو ئىستانسىسى قۇرالايمىز، تەرىقاتچىلار ئۇمىكى، ساياھەت ئۆمىكىنى سىرتقا چىقىرالايمىز. تۇرداخۇننىڭ ئىستالىيىگە بېرىشى، پەقەتلا رادىئو ئۇسكۈنە بىلەن مەتبۇئاتقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇسكۈنىلەرنى سېتىپ ئەكىلىشتىن ئىبارەت.» ئەيسا يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ «بىزنىڭ نورگان ژۇرنىلىمىز «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» تۈركچە، ئىنگلىزچە، ئەرەبچە نەشرى قىلىنىۋاتىدۇ. كەلگۈسىدە بىز بۇنىڭ تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىمىز» دېدى.

مەن تۈركىيىدە تۇرغان چېغىمدا بۇ ژۇرنالنىڭ 5 ـ سانى قولۇم-

غا چۈشكەندى. بۇنىڭدا ئەيسانىڭ «بىز ئەسىرگە چۈشكەن مىللەت» دېگەن ماقالىسى بېسىلغان. ماقالىدا مۇنداق سۆز بار: «دالاي دۇنيادىكى بۇددا مۇرتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى. ئەمما ئىسلام دۇنياسى شەرقىي تۈركىستاندىكى 20 مىليون مۇسۇلماننى قوللىغىنى يوق». روشەنكى، بۇ ژۇرنال پانتۈركىزم، پان ئىسلامىزمنى تەرغىب قىلىشنى، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاشنى مەقسەت قىلغان.

شۇ كۈندىكى ئۆي زىياپىتىدە ئەيسا ھازىر ئىقتىسادىي جەھەتتە بەك قىيىنىلىپ كەتتۇق دەپ نالە قىلغاندا، ئامېرىكىدىن كەلگەن تەلئەت «راسخوت كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولىدىغان بولدى» دېدى. تۇردى يەھيا «رابىتەل ئىسلام بىز ئۈچۈن ئورغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىۋاتىدىغۇ» دېدى.

ئەيسا: «ئۆتكەن يىلى سۆۋېتتىكى زىيا سەمەت بىلەن يۈسۈپ مۇخلىسوف ئاتايىتەن كېلىپ مېنى زىيارەت قىلدى. ئۇلار ماڭا بىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىللە كۈرەش قىلايلى، سىلەرگە قانچە راسخوت لازىم بولسا بىز بېرەيلى، بىزدە يەنە خۇەنشاڭتۇەن (يۇرتقا قايتىش قوشۇن) بار دېدى. مەن ئۇلاردىن مەقسەت ئەمەلگە ئاشسا، ماڭا نېمە بېرىسىلەر دېسەم، ئۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇئاۋىنلىقىنى بېرىمىز دېدى. ئاندىن مەن بىزگە سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارنىڭ كېرىكى يوق. بىز ئورۇسلارغا قول بولۇشنى خالىمايمىز دېدىم» — دېدى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەيسا ئۆز ئۆيىدە، ئەركىن، تۇردى يەھيا، تەلئەت، مەسئۇت قاتارلىقلار بىلەن يىغىن ئاچقان، ئاڭلىشىچە دالاي بىلەن قانداق بىرلىشىپ كۈرەش قىلىشنىڭ تەپسىلاتىنى مۇزاكىرە قىلغانىكەن. ئەمما مەن ئۇلارنىڭ مۇزاكىرە قىلغان كونكرېت ئەھۋالىنى ئۇقالمىدىم.

بىزدىكىلەر مېنىڭ تۈركىيىدە ئوقۇغانلىقىمنى دېدىم.

ئىزۇندىكىسى مېنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئوقۇغان ئەھۋاللار: رابىتەل ئىسلامنىڭ بۇرۇن ئەيسالار بىلەن تەشكىللى جەمئىيەتتە ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. مۇھاجىر بولۇپ سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان غوپۇر ھاجى، قۇربان ئابدۇللا، تۇردى يەھيا قاتارلىق 20 نەچچە ئۆيلۈك باي، ئەدىگەردىن ھەر بىرى ھەر يىلى ئەيسالارغا 30 مىڭدىن 40 مىڭ يۈەنگىچە، خەلق پۇلى (بۇ پۇلغا سۇندۇرغاندا) بىلەن ئەمىلىگەندىن كېيىن، ھازىر ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى. 85 - يىلى رابىتەل ئىسلامدا ئەيسا، غوپۇر ھاجى، قۇربان ئابدۇللا، تۇردى يەھيا، مەمتىمىن ئىسلام (جىددا رادىئو ئىستانسىسى مەسئۇللىرىنىڭ بىرى) ھەيئەت ئەزا بولۇپ سايلاندى. بۇندىن بۇرۇن رابىتەل ئىسلامدا ئۇيغۇرلاردىن ھەيئەت ئەزا يوق ئىدى. ئەيسا ماڭا، ھازىر رابىتەل ئىسلامدا ئوخشاش دۇنياۋى خاراكتېرلىك تەشكىلات بىرگە ئىگە بولۇۋاتىمىز. بىزمۇ خاتىرجەم بولدۇق، دېگەندەك گەپنى قىلغان.

ئاڭلىشىمچە، رابىتەل ئىسلامدا ئەيسالارغا مەخسۇس مەسئۇل بولغۇچىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇدا ئىكەن. بۇندا ئاتا - ئانىسى ئاتۇشلۇق بولۇپ، ئۆزى سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇغۇلغان، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوقۇغان. ئۇ ئەرەبچە، ئەنگلىزچە، تۈركچە تىللارنى تولۇق بىلىدىكەن.

باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، قارىغاندا ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئاشكارا كۆرۈنۈشى رابىتەل ئىسلامنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ بىرسى ئىكەن.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەن مەككە شەھىرىدىكى قۇربان ھاجىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۈم. 19 - كۈنى تۇردى يەھيا، مەمەتشالار مېنى زى-

يارەت قىلىپ كەلدى. 20 ـ كۈنى تۈرمىدىن چاپ مەن ئۈچۈن ئۇي
زىيابىنى بەردى. ھەممەتشامۇ سۆز زىيابەتكە قاتناشتى. بۇندىن باشقا
ئەيساغا دائىم ياردەم بېرىپ كەلگەن 20 دەك باي سودىگەرمۇ زىيا-
پەتتە بىللە بولدى. زىيابەتتە سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە گەپ ـ
سۆز بولمىدى. ئەمما 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ھەم-
مىن ئىسلام كېلىپ «كەچ سائەت 5 لەردە ھەممەتشا ئۆز ئۆيىدە سىزنى
قوبۇل قىلماقچى بولدى، ۋاقتىدا بارسىكىز» دېدى. دەل شۇ ۋاقىتتا
ھەممىن ئىسلام، غوپۇر ھاجىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، ھەممەتشانىڭ ئۆيى-
گە باردىم. ئۇنىڭ ھەشەمەتلىكلىكىگە قاراپ، بۇ راستىلا ھۆكۈمەتنىڭ
مۇھىم بىر ئەربابى ئىكەن دەپ قالدىم. ھەممەتشا مەن بىلەن كۆرۈشۈپ
«سىزنى مۇھىم ئەربابلار بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى ئىدىم، بىراق ئۇلار
ۋاقتىدا كېلەلمىدى. مەن سىز بىلەن كۆرۈشۈپ، بەزى ئىشلارنى سىز-
گە بىۋاستە دېمەكچى بولدۇم. ھازىر ئەيسانىڭ ئىشى چوڭىيىپ قال-
دى. شۇڭا سىز بۇ يەردە قېلىپ ئەيسانىڭ ئورنىنى دەسسىسىڭىز،
بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟» دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەن بىراز
چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭغا مېنىڭ يېشىم بىر يەرگە باردى دېسەم، ئۇ،
قانچە ياشقا كىردىڭىز دەپ سورىۋىدى، 72 گە كىردىم دېدىم. ئۇ
مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بىر ۋاقىتچە جىملا ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.
بۇ چاغدا ھەممىن ئىسلام ماڭا «سىز بۇ يەردە قالسىڭىز بالا ـ چاقى-
لىرىڭىزنى بىز ئالدۇرۇپ بەرسەك قانداق» دېدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ
بەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، مۇنداق قىلساق بولماس
دېدىم. ئاندىن ھەممەتشا مەندىن يەنە «قانداق قىلغاندا بىر قىسىم
ئىنجاتكىلىقلارنى ياكى ياشلارنى ئېلىپ چىققىلى بولار؟» دەپ سورى-
دى. مەن ئۇنىڭغا ھۆكۈمەت بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئالماش-
تۇرۇشتىن باشقا چارە يوق بولسا كېرەك، دەپ جاۋاب بەردىم. ...

مەتشا ئۇلار ئەۋەتكەن ئادەملىرى شۇلار ئۈچۈن ئىشلەيدۇ دېدى. ئۇ يەنە مەندىن ئۇ يەردە ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالى قانداق دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ھازىر ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەتتى. مەسچىتلەر، دىنىي مەكتەپلەر ئۆز پائالىيىتى بىلەن بولۇۋاتىدۇ دەپ جاۋاب بەردىم. مەمەتشا مەن شىنجاڭغا ئىككى قېتىم بارغان ئىدىم، يەنە بارغىم بار، ئەگەر بېرىپ قالسام كۆرۈشۈپ قالارمىز — دېدى.

كۆرۈشكەن ۋاقىت ئانچە ئۇزۇن بولمىدى، سۆھبەتىمىز بۇنىڭ بىلەن توختىدى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەن مەدىنىگە باردىم. قۇربان ھاجىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۈم. ئۇمۇ ئەيساغا ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ بىرسى ھەم رابىدىل ئىسلامنىڭ ھەيئەت ئەزاسى. مەن ئۇنىڭدىن نەچچە يىلدىن بۇيان سىلەر ئۇرغۇن شىنجاڭلىقلارغا تەكلىپنامە ئەۋەتىڭلار، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاخۇن بار، موللا بار، سودىگەر بار، ھەتتا كومپارتىيە ئەزاسىمۇ بار، سىلەر يا يىغىن ئاچمىساڭلار، باشقا پائالىيەت ئېلىپ بارمىساڭلار، مۇشۇ قىلغىنىڭلار زادى نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سورىسام، ئۇ، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇتۇش، ئۇنىڭغا ھەر خىل كىشىلەرنى جۈملىدىن كومپارتىيە ئەزالىرىنى قوشمىساق، ئۇلار قالغانلارنىڭ كېلىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. بىر ئەقىلسىز پارتىيە ئەزاسى ئىككى قېتىم كەلدى. 2 - قېتىمدا كەلگەندە ئۇنىڭ سۆزى ئىسلامغا يېقىنلاشقانتى — دېدى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تۈركىيەدىكى ئەيسا 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئىستانبۇلدا تۈركشۇناسلىق يىغىنى ئېچىلماقچى، سەنمۇ قاتناشساڭ دەپ تەكلىپ بەرگەنىدى، ئۇنىڭغا ۋاقتىم بەك قىس، ھۆكۈمىتىمىزمۇ مېنى يىغىنغا قاتناشقىن دەپ ئەۋەتكىنى يوق، شۇڭا يىغىنغا قاتنىشالمايمەن دېدىم. ئىچىدە ئەيسادەك ئا-

دەملەرنىڭ قاتناشقان يىغىندا ياخشى كەيپىياتنىڭ بولۇشى ناتا-
يىن. بۇلارنىڭ دېيىشىگە ئورتاق تۈرك تارىخى، ئورتاق تۈرك مە-
دەنىيتى، ئاندىن قالسا، «تۈرتاتىغۇبىلىك»، «تۈركى دىۋان لۇغى-
تى» نى تۈركىينىڭ ئەرىپىسى دېيىشتىن باشقا نىمىسى بولسۇن دەپ
ئويلىدىم. مەن تۈركىيدىن كېتىشكە ئالدىراپ، 30 - چېسلادىكى
ئايروپىلان بېلىتىنى 28 - چېسلاغا ئۆزگەرتىپ، ئىككى كۈن بۇرۇن
تۈركىيدىن ئايرىلدىم.

دۆلەت سىرتىدا ئىككى ئايدەك يۈردۈم، بىر قىسىم ئادەم بىلەن
ئۇچراشتىم، بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدىم. مەنچە قۇربان ھاجىنىڭ
مەيدانغا چىقىپ مېنى ھەج قىلىشقا تەكلىپ قىلىشتىكى مەقسىتى — مې-
نى ئازدۇرۇپ ئەيسانىڭ ئورنىغا قويۇش، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى پار-
چىلاش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەڭ مۇھىمى
شۇكى، مەن ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ چەت دۆلەتتە شەرقىي تۈركىستان
بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ۋەتەننى پارچىلاشتەك جىنايى ھەرىكەت بې-
لەن داۋاملىق شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

×××

(بۇ ئەكسىيەتچى ئىرچۇق خەت سوۋېت قازاقىستانى ئالمائاتا
شەھرىدە تۈزۈلگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي مىللىي بىرلىك
سېپى» دېگەن ئەكسىيەتچى تەشكىلات تەرىپىدىن 1989 - يىلى 3 -
ئايدا يېزىلغان بولۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بىر
توپ مىللىي كوممۇنىستلار بىلەن ئىنقىلابىي زىيالىيلاردىن» دېگەن
يالغان نام بىلەن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىغا، تۈركىيە،
غەربىي گېرمانىيە ۋە شىنجاڭغا تارقىتىلغان.)

جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ بۈگۈنكى دۆلەت ئاتىسى جۇڭ-
گو كوممۇنىستلىرىنىڭ بىشقەدەم رەھبىرى يولداش دېڭشياۋپىڭغا:

ئۇلۇق سوۋېتلار ئىتتىپاقى كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ باش
سېكرېتارى يولداش مىخايىل سىرگېيېۋىچ گورباچوقا :
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بىر توپ مىللىي كوممۇ-
نىستلار بىلەن ئىنقىلابىي زىيالىيلاردىن

## ئوچۇق خەت

قىممەتلىك يولداش دېڭشياۋپىڭ، ھۆرمەتلىك يولداش مىخا-
يىل سىرگېيۋىچ:

بۈگۈن پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىستلىرى بىلەن ئىلغار ئىنسانىيەت بىر-بىرىگە ئىككى دۆلەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئۇچرىشىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان بىر ۋاقىتتا، بىز، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى-دىكى مىللىي كوممۇنىستلار بىلەن ئىنقىلابىي زىيالىيلار بۇ ئۇچرىشىش-نى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ، ھۆرمەتلىك ئالىيلىرىڭىزغا ئۆز ھال - ئەھ-ۋاللىرىمىزنى ئالدىن مەلۇم قىلىپ ئۆتۈنۈشنى لايىق تاپتۇق.

ھەممىڭىزگە مەلۇم، يەر يۈزى ئىنسانىيىتى دىلىغا ئۇلۇق كوممۇ-نىزم غايىسى ئۇرۇقىنىڭ چېچىلغىنىغا 16 يىلدىن ئاشتى. بۇ ئۇرۇقتىن ئالتۇن چېچەك ئۈنۈپ چىققان شانلىق رۇس دوپ (ب) نىڭ تارىخىغا 90 يىل توشتى. شانلىق ر س د ر پ (ب) نىڭ رەھبەرلىكىدە تۈنجى بىتىم رۇسىيىدە ئەمەلگە ئاشقان ئۇلۇق ئوكتەبىر ئىنقىلابىي ئۆزىنىڭ 70 يىللىق دۇنياۋى مەرىكىسىنى بۇلتۇر نىشانلاپ ئۆتتى. بۇ ئىنقىلابنىڭ توپ زەمبىرەكلىرى بىلەن كۆزىنى ئاچقان، ئۇلۇق ۋەتىنىمىز جۇڭگو يېرىدە سوتسىيالىزم ئورنىتىلغىنىغا 40 يىل توشاي دەپ قالدى.

مانا، بۇ ئونلۇق يىللار، قانچە - جۇشقۇن ۋەقەلەر كىشىلىك تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىپ، دۆلىتىمىزدا يېڭى دەۋر باشلىدى.

هازىر سوتسىيالىزم — بىر بۇزۇلماس، داغ ئۇيۇشۇرۇلمىس، تەكشۈرۈشكە بولىدىغان قۇدرەتلىك بىر سىستېمىدۇر. بۇ سىستېمىنى ئەمدى ھەر قانداق رەقىب كۈچ بۆلۈۋېتەلمەيدۇ ۋە بۇزۇۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى: «جاھان بىر ئۇيۇ-تەڭ ھايات كارۋانى، ئىت ھاۋشىسۇ، كارۋان كېتىۋېرىدۇ» (ئۇي-غۇر شائىرى ماخمۇت ھېكىمبەگ غوجىنىڭ شېئىرىدىن).

بىز شىنجاڭ خەلقى بۇ دۇنيادىكى قۇدرەتلىك سانالغان سوتسى-يالىزم سىستېمىسى ئىچىدە. بۇ سىستېمىنىڭ چوڭ بىر ئائىلىسى جۇڭ-خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدە بولغىنىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېسابلايمىز. ئەمما بىز بۈگۈن بۇ ئوچۇق خەتىمىزدە، جۇڭ-خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 40 يىلدىن بېرى، چوڭ خەنزۇچى-لىق گاساپەتلىرى تۈپەيلى بېشىمىزدىن كەچكەن ئېيتىۋىسىمىز ئېغىر مىل-لىي پاجىئەلەر بىلەن ئۇنى تونۇتۇش ئۈچۈن، كېرەك بولغان ئەڭ توغرا ھەم ئادىل چارىلار ھەققىدە ئىزىمىزنىڭ دادىل پىكىرلىرىمىزنى ھۆرمەتلىك ئالىيلىرىڭىزغا ئوچۇق ئېيتىپ ئۆتۈشكە مەجبۇرمىز.

بۇ 40 يىل ئىچىدە ۋەتىنىمىز شىنجاڭ بىرىدە يۈز بەرگەن مىللىي پاجىئەلەر بىلەن ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىقلارنىڭ تۈپ سەۋەبى، بەقەت خەنزۇلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىشى بىلەن خەنزۇ بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى خورلىنىشى بولۇپ، بۇ تا-رىخى تەرەپتە يەرلىك مىللەتلەر مىللىي ھەقلىرىنىڭ تامامەن ئىنكار قىلى-نىشى، شىنجاڭدەك چوڭ ھەم ئالاھىدە مىللىي رايوندا ئەسلا مۇۋاپىق بولمىغان تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ مەجبۇرىي يۈرگۈزۈلۈشى، ئىقتىسادىي تەرەپتە ئىچكى خەنزۇ ئۆلكىلىرىدە ئەمەلگە ئاشقان ئىقتى-سادىي تۈزۈملەرنىڭ مىخانىك ھالدا بۇ ئۆلكىگە كۆچۈرۈلۈپ ۋە ئا-خىرى ھېچبىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بولمىغان «ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇ-لۇش ئارمىيىسى» دېگەن قوراللىق قىسىملارنىڭ شىنجاڭدىكى بۈتۈن

بوز يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بىز ئەمدى بۇ تۆت ئۇقتىنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتىمىز:

1 - پۈتۈن دۇنيا تارىخچىلىرى بولۇپمۇ رۇس تارىخچىلىرى شۇنى ياخشى بىلىدۇكى، مانجۇر باسقۇنچىلىرى 1750 - 1760 - يىللىرى ئۇيغۇر دىيارى شەرقىي تۈركىستاننى (ھازىرقى شىنجاڭنى) بىرىنچى قېتىم بېسىۋېلىشتىن بۇرۇن، بۇ دىياردا بەش مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى ياشىغانىدى. ئۇنىڭ تۇنجىسى — ھون قاراخانىلىرى دۆلىتى (مىلاد 330 مىلادىيە 56) بولۇپ، بۇ دۆلەت دۇنيا بويىچە بىرىنچى قېتىم ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى تەسلىم قىلىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغانىدى. ئىككىنچىسى، ئىككىنچى قاراخانىلار دۆلىتى (880). ئۇ، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادتا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ ئالدىنقىسى بولۇپ، ئۇلۇق مەخمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ بالاساغۇنلار شۇ دەۋردە تۇغۇلدى. ئۈچىنچىسى، سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى (1516 - 1080). ئۇ مەشھۇر خوراسان مەدەنىيىتىگە ئاساس سېلىپ، دۇنيا ساۋى «12 مۇقامنى» كامالىغا يەتكۈزگەن بولسا، ئاخىرقى ئۇيغۇر دۆلىتى غوجا جاھان ئەرشى زامانىسىدا دۇنيادىكى ئەڭ مۇتىۋەر كىتابلار — «كەلىلە ۋە دەمنە»، «ئىسكەندەرناما»، «شاھنامىلەر» - ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىدى.

مانا، بۇ تارىخنى خەنزۇ تارىخچىلىرىمۇ خېلىلا ياخشى بىلىسىمۇ (بۇلارنىڭ بىلمىگەنلىرىمۇ كۆپ بولغان) ئەمما ئۇلار بۇ مۇئەييەن تارىخلارنى ئىنكار قىلىپ ياكى تامامەن بۇرمىلاپ، «شىنجاڭدا مىللىي مۇستەقىل دۆلەتلەر بولمىغان»، «شىنجاڭ قېبلىل مىلاد 56 - يىلدىن بېرى جۇڭگوغا قارىغان»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى قەدىمى خەن، تاڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ غەربىي قىسمىغا كىرىدۇ» دەپ ھەتتا 1879 - يىلى

شەرقىي تۈركىستاننى ئىككىنچى قېتىم بېسىۋېلىشتا 600 مىڭدىن ئوشۇق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قىرىپ تاشلىغان جاللات زوڭزوڭتاڭنى ماختاپ: «ئۇنىڭ غەربكە يۈرۈشى ناھايىتى ئىلغار بولدى» دەپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ھېسسىياتىغا ئېغىر زەربە بېرىپ كەلدى ھەم كەلمەكتە. بېيجىڭ ھازىر ئۆزىنىڭ بۇ سىياسىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىر مىليون خەتتىن ئوشۇق خىتايچە ساختا تارىخلارنى مىللىي تىللارغا تەرجىمە قىلىپ تارقاتتى ۋە تارقىتىۋاتىدۇ.

2 - جۇڭگو كومپارتىيىسى كۆتۈرۈپ چىققان مىللىي مۇختارىيەت سىياسەتنىڭ مۇقەددىمىسى يالغانچىلىق، داۋامى ئالدامچىلىق، ئاخىرى دۇنيا بويىچە ھېچبىر ئەلدە بولمىغان تېررىتورىيىلىك ئاۋتونومىيە بولۇپ چىقتى. مىسالغا ئالساق جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 1920 - يىللىرىدىكى سىيزدلىرىدا، جۇڭگو ئازاد بولغاندا مىللىي رايونلارغا تولۇق مىللىي مۇختارىيەت بېرىلىدۇ، دېگەن قارارلار ئېلىنغانىدى. مۇشۇ قارارلار بويىچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1947 - يىلى ئۆكتەبىردە ئېلان قىلغان 8 ماددىلىق خىتابنامىسىنىڭ 7 - ماددىسىدا: «جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى تۈرلۈك ئۇششاق مىللەتلەرگە تەڭلىك مۇختارىيىتى بېرىلىدۇ ۋە خالىسىچە جۇڭگو قوشما جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇلۇش ياكى ئايرىلىش ھوقۇقى بولىدۇ» - دەپ ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەنىدى. مۇشۇ قارار ۋە خىتابنامە روھىدا جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى بېيجىڭنىڭ ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۇنجى مىللىي مۇختارىيەت لايىھىسى پارتىيە ئىچىدە «بۇ ئۈچىنچى چىققان مىللەتچىلىك ...» دەپ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا قارىلىنىپ، بۇ لايىھىنىڭ ئاپتورلىرى «رىناكسۇن 51 لەر» دەپ ئەيىبلاندى. لېكىن ئىككىنچى تەرەپتە پارتىيە سىرتىدا يەنە بىر چوڭ

ئالىام ئالىا ئىچىدە، بىز چاغدىكى 30 مىڭدىن ئوشۇق مىللىي كادىر مەخسۇس مىللىي ئۆگىنىشكە جەلپ قىلىپ، بىلىم ئېلىش، ئۆمىدلەندۇرۇلۇپ 3 يىل ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئۆگىنىش كۇرۇپپىلىرىدا ئوتتۇرىغا چۈشكەن پىكىرلەر شۇنچىلىك ئاز ئىدى: «...تاماق بىلەن تازا بولغانكى، ھېچبىر كىشى ئامېرىكىنىڭ بۇرژۇئا ئەركىنلىكىنى سورىماي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى مۇختارىيەتلەرنى ئۆزلىرىگە لايىق دەپ بىلىشكەنىدى. ئەمما خۇلاسە يەنە تامامەن بېيجىڭنىڭ ئويىچە بولدى. 1956 - يىلى چىڭداۋدا ئېچىلغان مىللىي مەجلىستە جۇئېنلەي ئىزا تارتماي: «مىللىي رايونلارغا مىللىي مۇختارىيەت بېرىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ بېرىلسە رادىئو بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، ئايروپىلان بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ...» دەپ بۇتۇن مىللىي رەھبەرلەرنى قايتىدىن قىسىپ، ھازىرقى تېررىتورىيىلىك ئاۋتونومىيىنى پېشانىمىزغا تاڭغانىدى. بۇ سىياسەت شۇندىن بېرى «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دېگەن ئىبارە بىلەن جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلدى.

خوش، ئەمدى بىز ھازىرقى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ مەللىي مۇقۇتلىرى دائىرىسىنى بىر كۆرۈپ چىقايلى. ھەممىگە مەلۇمكى، بىزنىڭ تۈزۈمىمىز بويىچە ئاساسىي ھوقۇق پارتىيە قولىدا بولۇپ، بۇتۇن ئىشقا مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك قىلىدۇ. ھازىر شىنجاڭ پارتىيە مەركىزىدە 15 كىشى بار. ئۇنىڭ بىرىنچى شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئىككىنچىسى ئۇيغۇر تۆمۈر داۋامەت، ئۈچىنچىسى قازاق جانابىل. قالغان 12 كىشىنىڭ ئۈچى مىللىي، توققۇزى يەنە خەنزۇ. رايون بويىچە 13 ۋىلايەت، 5 ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ بىرىنچى شۇجىلەرى خەنزۇ. رايونىمىزدىكى ئازىر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ سانى 100 گە يېقىن. بۇلارنىڭ 70 تىن ئوشۇقى خەنزۇ. ھازىر رايونىمىزدا يېرىم

مىليوندىن ئوشۇق كادىر بار. بۇنىڭ % 60 ى خەنزۇ، بۇنىڭغا مىللىي مائارىپتىكى خەنزۇلارنىڭ تۇتقان ئورنىنى قوشساق مەسىلە يەنىمۇ روشەنلىشىدۇ. مانا شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ھەم ئالىي مائارىپ ئوچىقى شىنجاڭ داشۆدە ھازىر 1200 مۇئەللىم بولۇپ، بۇنىڭ 620 سى خەنزۇ، 68 دوتسىنىت بار، 45 ى خەنزۇ. 391 لېكتور بار، 223 ى خەنزۇ، بۇ خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى 30 يىلدىن بېرى ھېچبىر خالالاشماي شىنجاڭغا رەھبەرلىك قىلىپ كېلىۋاتقان خەنزۇ ۋالىينىماۋنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. ۋالىينىماۋغا ئىچىمدىكى ئاكىسى خەنزۇ ۋالېجىن بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ۋالېجىن خۇددى خانلىق تۈزۈمى ئاساسىدا ئۆزىنى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك ۋارىسى قىلىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىۋاتىدۇ.

بۇ كادىرلارنىڭ بىلىم سالاھىيىتىگە كەلسەك، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بېرى شىنجاڭ داشۆنى تۈگىتىپ چىققان 8 مىڭغا يېقىن مىللىي كادىر ئاساسەن، مۇئەللىملىك قىلىۋاتىدۇ. باشقا ئىنستىتۇتلارنى تۈگىتىپ چىققان 3 مىڭدىن ئوشۇق مىللىي ئىچىدە ھازىر ئازىر دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەنلىرى 10 غا يەتمەيدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت چالا ساۋات. يۇقىرىقىلەن خەنزۇ سېكرېتارلىرى باركى، ئۇلار ماۋزېدۇڭنىڭ ئىككى ئۈچ ئەسەرىنى يادقا ئېلىۋالغاندىن باشقا، ھېچقانداق بىلىمگە ئىگە ئەمەس، يېقىندا ئىچىنارلىق بىر رەقەم ئاشكارا بولدى. رايونىمىز ... 22 مىڭدىن ئوشۇق يەن تېخنىكا كادىرنى باھالىغاندا ... بۇنى 93 كىشى ئالىي بىلىمگە ئىگە بولۇپ، قالغان 21907 كىشى ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ سەۋىيىگە ئىگە دېگەن گۇۋاھنامە بېرىلدى.

مىللىي ھوقۇقنىڭ يەنە بىر ئالىي سىياسىي شەكلى مىللىي ئارمىيىنىڭ بار بولۇشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بۇ ھوقۇقتىن

تامامەن مەھرۇم. بولمىسا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن جۇڭگوغا قوشۇل-
غاندا، ئۇزىنىڭ 20 مىڭدىن ئوشۇق مىللىي ئارمىيىسى بار ئىدى.
ھازىر بۇ ئارمىيىدىن بىرسىمۇ قالمىدى. بۇ ئارمىيىنىڭ يوقۇتۇلۇش
جەريانى شۇنچىلىك دەھشەتلىك ۋە ئېچىنىشلىق بولدىكى، بېيجىڭ
تەرىپىدىن ئەتەي ئويۇشتۇرۇلغان سىياسىي ئۆگىنىشلەردە ھەر بىر
جەڭچى ئالدىغا: «سەن گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشلاردا قانچە خەن-
زۇنى ئۆلتۈردىڭ؟» - دەپ سوراق قويۇپ، مىڭلىغان ئوفىتسېرنى ئې-
تىپ ئۆلتۈردى. مىڭلىغان ئاددىي ئەسكەرنى تۈرمە لاگېرلارغا
تاشلاپ، ھېچقانداق نەپەقىسىز ئارخىپتىن قوغلىدى. كېيىن خەنزۇ
ئەسكەرلىرى مۇشۇ ئارمىيىدىن قالغان ئۇزىمىزنىڭ قورالى بىلەن ئۇز
خەلقىمىزنى قىردى….

3 - بىز بۇ خىتىمىزدە ئازادلىقتىن كېيىن رايونىمىزدا قېلىپلاشقان
يېڭى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ ھەممە ئوڭۇشسىزلىقلىرى ئۈستىدە
توختالمايمىز، چۈنكى ھەر قانداق يېڭى شەيئىلەر ۋۇجۇتقا كەلگەندە
كونا تۇسقۇنلۇقلار تۇپەيلى كۆپلىگەن يېڭى خاتالىقلار سادىر بولى-
دۇ. بىز پەقەت مۇھىم ئىككى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. بى-
رىنچى، رايونىمىز قەدىمى نەچچە مىڭ يىللار بويى چارۋىچىلىق را-
يونى بولۇپ كېلىۋاتقىنىدەك، مۇندىن كېيىنمۇ ئەبەدىي چارۋىچىلىق
رايونى بولۇپ قالىدۇ. رايونىمىزدا 1900 - يىللىرى 81 مىليون قوي
ئۆسكەن، 60 مىليون چارۋا مال ياپلايدىغان ياپلىقىمىز بار. 1936
- يىلى 52 مىليون قوي ئۆستى. 1950 - 1980 - يىللىرى ئارىسىدا
بۇ سان كېمىيىپ 20 مىليونغا چۈشۈپ قالدى. ھازىر 35 مىليون رەقەم
كۆرسىتىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئېگىز - پەسلىكتىكى تۇپ سەۋەب خەنزۇلار-
نىڭ چارۋا شارائىتىنى، سىياسىتىنى بىلمەسلىكى، بۇ ھەقتە مىللىي
رەھبەرلەر تەرىپىدىن قايتا - قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەرلىك چا-

رىلارغا ئۇلارنىڭ يول قويۇشلىقى، موڭغۇلىستان بىلەن سوۋېت قازاقىستاندىكى چارۋا ئىسلاھاتلىرى خۇسۇسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر - تەكلىپلەرنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى. بولۇپمۇ قوراللىق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ كۆپلىگەن چارۋا يايلاقلىرىنى بېسىۋېلىپ، تېرىقچىلىققا ئايلاندۇرۇشىدىن بولدى. چارۋىچىلىقتىكى بۇ خاتالىقلار ھېلىمۇ داۋام قىلىۋاتىدۇ. يېقىندا بېيجىڭدا بولۇپ ئۆتكەن خەلق قۇرۇلتايىدا بۇ ھەقتە مەركەزگە جىددىي تەنقىدلەر بېرىلدى. بىز مۇشۇ تەنقىدلەرنى قوللايمىز.

ئىككىنچى، بىز ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىۋاتقان دۇنياۋى مول ئېسىل بايلىقلىرىمىز — ئۇران، ۋولفرام، نىكېل، ئالتۇن، گۆھەر، نېفىتلارنىڭ قانچىلىك كۆپلىكىنى ئۆز مەلۇماتلىرىمىزدىن بىلسەك، ئۇنىڭدىن ئېلىنىۋاتقان مىليارد - مىليارد دوللارلىق مەھسۇلاتلارنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتىمىز. بىراق بىز بۇ بايلىقلىرىمىزدىن ئەقەللىي 5% تىنىمۇ ئۆزىمىز پايدىلىنالمايۋاتىمىز. مەركەز بىزنىڭ 95% بايلىقىمىزنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇپ، دۇنياغا ئېكسپورت قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ۋەتىنىمىزدە ئېغىزدا ئېيتىپ بولمايدىغان دەرىجىدە نامراتلىق ئورۇن ئېلىپ، مالىيى مانارىيىمىز ھازىرقى دۇنيا سەۋىيىسىدىن تۆۋەن 185 - ئورۇندا كېلىۋاتىدۇ. كېيىنكى 5 يىل مابەينىدە ۋەتىنىمىزدە يۈز بەرگەن ئۆپكە - جىگەر راكلىرىغا قارشى رايونلۇق سەھىيە نازارىتى سورىغان 10 مىليون يۈەننىڭ ۋاقتىدا بېرىلمەسلىكى (كېيىن بېرىلگىنى 7 مىليون)، نەچچە ئون مىڭلىغان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. شىنجاڭ خەلقى بۇ قاتىللىق جىنايى ئىشلارنى ھېچقاچان كەچۈرەلمەيدۇ.

4 - ھېچبىر ئىچكى ئۆلكىلەردە بولمىغان «ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ» بىزنىڭ رايونىمىزدا قۇرۇلۇشى ئۈچ مەقسەتكە

قالاشلىقان، بىرىنچى، ۋەتىنىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بې-
لىقچىلىق، سودا - سانائەتتىن ئىبارەت ئاساسىي مىللىي خوجىلىقىغا
خەرىز ھەربىيلىرىنى مۇججا قىلىپ، مۇزۇن ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلە-
رىنى ھەربىي ئازارەت ئاستىغا ئېلىش. ئىككىنچى، خەنزۇلارنى ئەڭ
ئېسىل يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ يىلتىز تارتقۇزۇپ، ۋەتىنىمىزنى ھەربىي
دىكتاتورا ئاستىدا ئاسسىملياتسىيە قىلىش. ئۈچىنچى، مەركەزنىڭ
شىنجاڭ ئۈچۈن ئاجراتقان پۇلىنى، شۇ خەنزۇلارغا سەرپ قىلىپ،
يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتىگە خىيانەت قىلىش. شىنجاڭدىكى خەن-
زۇلار بۇ غەرەزىگە ئاللىقاچان يېتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بەش ئىقتىسادىنى
ئاللىقاچان چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. ھازىر بۇ ئارمىيە قولىدا 3 مىليون-
دىن ئوشۇق قۇراللىق «ئىشچى - دېھقانلار»، 15 مىليون مودىن ئو-
شۇق بوزيەر، مىليونغا يېقىن چارۋا مال، 200 دىن ئوشۇق تىجارەت
مۇئەسسەسى بار. تىجارەت ئورۇنلىرى ھازىر كۈنگە پەقەت مىلىچ
ماللاردىنلا بىر مىليون يۇەنگە سودا قىلىۋاتىدۇ. مانا بۇلار يەتتەي
بۇ ئارمىيە ئالدىنقى يىلدىن بېرى ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ ئېسىل دورا مەھ-
سۇلاتى - 510 مىڭ مو يەردىكى جىبۈك بۆيىلارنى چاڭگىلىغا ئې-
لىپ، بۇنىڭدىن يىلىغا 5 مىليارد 100 مىليون يۇەن كىرىم قىلىۋاتىدۇ.
بۇ ئارمىيە ئالدىنقى يىلى ھەربىي سەپتىن بوشىغان 6 مىڭ ئوفىتسېر-
نى ئالتايدىكى ئالتۇن كانلىرىغا ئەۋەتىپ، پۈتۈن ئالتۇن كانلىرى-
نىڭ ئازارىتىنى قولىغا ئېلىۋالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ھازىر ۋەتىنى-
مىزدە يېرىم مىليوندىن ئوشۇق مىللىي ئىشسىز (بولۇپمۇ ياشلار)،
كوچىلاردا تىنەپ - سەرسان يۈرۈۋاتىدۇ. ھازىر مىللىي دېھقانچى-
لىق، باغۋەنچىلىك ئۈزۈمچىلىك ئارقىدا قالغانلىقى، دېھقانلارنىڭ 60
% تىن كۆپرەكى ھامان قول كۈچىگە تايىنىۋاتىدۇ. ۋەتىنىمىزدىكى
ھازىرقى ئەڭ چوڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىلىرى يەنە مۇشۇ ئارمىيەنىڭ قول-

دا.

بىيجىڭ بۇ تۆت «مىللىي سىياسەتنى» سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم شوئارى ئاستىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆت «ماركسىزملىق نەزەرىيە» تويلاپ چىقتى. بىرىنچى، «مىللىي مەسىلە ماھىيەتتە سىنىپىي مەسىلە» دەپ، پۈتۈن مىللىي ئىشلارنى يالغۇز سىنىپىي كۆرەشلەرنىڭ قۇربانى قىلدى. ئىككىنچى، «مىللىيلار خەنزۇلارسىز سوتسىيالىزم قۇرالمايدۇ» دەپ كونا غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ «قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەرسىز مەدەنىيەتكە يېتەلمەيدۇ» دېگەن ئىرقچىلىق نەزەرىيىسىنى سوتسىيالىزمغا تەدبىق قىلدى. ئۈچىنچى، «خەنزۇلار بىلەن يېقىنلىشىش ئىلغار ئاسسىمىلياتسىيىگە كىرىدۇ، خەنزۇلاردىن ئايرىلىش جاھانگىرلارنىڭ قوينىغا ئېلىپ بارىدۇ» دەپ، خەنزۇلارغا يېقىنلاشقانلارنى ئۈزلۈكسىز مۇكاپاتلاپ، بۇنىڭغا قارشى بولغانلارنى «جاھانگىرلارنىڭ قۇيرۇقى» قىلىپ جازالىدى. تۆتىنچى، «جۇڭگو ئىنقىلابى ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ داۋامى» دەپ، ئوكتەبىر ئىنقىلابىنى ئۇلۇغلاپ كەلگەن ئىنجاغلىقلارنىڭ ئىچكى سىرىنى ئىلە-ۋالغاندىن كېيىن مىڭلىغان مىللىي زىيالىينى «سوۋېتپەرەس» دەپ جازالىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆتكەن 37 يىل ئىچىدە 18 قېتىم سىياسىي ئۆگىنىشلەرنى تەشكىللەپ، ئىككى مىليوندىن ئوشۇق مىللىي كادىرنى يوقاتتى. ھازىر ۋەتىنىمىزدە 81 تۈرمە لاگىرلاردا 100 مىڭدىن ئوشۇق مىللىي ياشلار ئازاب چېكىۋاتىدۇ.

مانا، بۇ تۆت مەسىلە ئۇ، نەزەرىيە 40 يىلدىن بېرى ئوتتۇرىدا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان مىڭلىغان ئارازلىق ئاۋازلارغا، تالاش - تارتىشلارغا، ھەتتا قان تۆكۈلۈشلەرگە قارىماي، بۈگۈن ئەڭ يۇقىرى شوتىغا چىقىپ ھايات - مامات زىددىيىتىگە ئايلاندى. يەرلىك مىللەتلەردە ھازىر خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئىشەنچ تۈگەپ قالمىدى. سوت-

سىيالىزم ، كوممۇنىزم ، ئىنتېرناتسىونالىزم نامىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ-
تۈن ئىشلار ئۆزىنىڭ راستلىقىنى ، قەدىر - قىممىتىنى يوقىتىپ ، خەن-
زۇلارغا قارىتا مىللىي ئۆچمەنلىك ، سوۋېت ئىستىپاقىغا نىسبەتەن رەن-
جىشلەر كۆچىيىپ كەتتى . خەلق ئىچىدە غەرب بىلەن ئىسلام ئەللىرىگە
سېغىنىش خاھىشلىرى ئۇسۇپ ، جاھانگىرلارنىڭ ، جۈملىدىن كونا
مۇستەملىكىچى تەيۋەننىڭ ۋەتىنىمىزدىكى جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى
قورقۇنچلۇق تۈردە يىلتىز تارتىپ كەتتى . ھازىر ۋەتىنىمىزدە يېڭى بىر
چوڭ قوزغىلاڭنىڭ چىقىشى كۆزگە كۆرۈنۈۋاتىدۇ .

لېكىن بىز مىللىي كوممۇنىستلار بىلەن ئىنقىلابىي زىيالىيلار قا-
چانلا بولمىسۇن ۋە قانداق مۇرەككەپ شارائىت ئاستىدا بولمىسۇن ،
ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۇلۇغ سوتسىيالىزم سىستېمىسى ئىچىدە ، دۆلىتىمىز
جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى ئائىلىسى تەركىبىدە ھەل قىلىشتا چىڭ
تۇرىمىز . ئەمما بىز بۇ يەردە ئەتنىي ھەم رېئال مەيدانىمىزنى ئوچۇق
ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكمىزكى ، شىنجاڭ خەلقى ئەمدى ھېچقاچان
ھازىرقى تېرىتورىيىلىك ئاۋتونومىيە تۈزۈمى ئىچىدە ، بۇ تۈزۈم بويىچە
مەركەز ئىشلەپچىققان پۈتۈن كونىچە مىللىي سىياسەتلەر ئاستىدا تو-
رۇشنى ئەسلا خالىمايدۇ ۋە ئۇنى رەت قىلىدۇ . چۈنكى بىز بۈگۈن يې-
ڭى ئىسلاھاتلار دۇنياسىدا ياشاۋاتىمىز . مەملىكىتىمىز بويىچە بۈيۈك
ئىسلاھاتچى يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇ-
رۇش سىياسىتىنىڭ بىزگىمۇ شىنجاڭچە ھەسسىنىڭ بارلىقىنى چۈشىنە-
مىز . بىز مەركەزدىن شۇنى ئالاھىدە ئۆتۈنۈپ سورايمىزكى ، مەركەز
شىنجاڭغا قاراتقان مىللىي سىياسىتىدە پۈتۈنلەي بىر يېڭى سىياسەت
ۋە يېڭى يولنى بەلگىلىشى لازىم . بۇ يول ، سىياسەت باشتىن - ئا
خىر بىزنىڭ قاتنىشىشىمىز بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىشى لازىم . شۇنىڭ ئى-
چۈن بىز ئەڭ توغرىسى ئۆز تەقدىرىمىز ھەققىدە تۆۋەندە ئۆز پىكرىل-

رىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز :

1 - بۇرۇنقى ئاساسىي دەلىللەرنى قويۇپ، ھازىرقى كۆپلىگەن دۇنياۋى ئەدەبىياتلارغا نەزەر سالساق، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ نامى ھېلىمۇ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئانا ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. خەنزۇچە «شىنجاڭ» (يېڭى ئۆلكە) دېگەن نامنىڭ تېڭىلگىنىگە 105 يىل بولدى. بۇ ئىسىم ئىلگىرى - كېيىن پەقەت جۇڭگودىلا تارقىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆز يېرىنىڭ نامىنى قاچانلا بولمىسۇن، ئۆز ئانا نامىدا ئاڭلاشنى خالايدۇ. ئەمما خەنزۇلار مەيلى گومىنداڭ دەۋرى بولسۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن بۇ ئانا ئىسىمغا قارشى بولۇپ، ئۆزىنىڭكىنى زورلاپ تېڭىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز بۈگۈن بۇ ئىككى ئىسىم ئۈستىدە يەنە داۋاملىق تالىشىپ ئولتۇرۇشنى ھاجەتسىز دەپ بىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۆزىمىزنىڭ ھەم خەنزۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان يېڭى بىر ئىسىمنى — يەنى: «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى ئۇيغۇرىستان مىللىي مۇختارىيىتى» دېگەن ئىسىمنى تەكلىپ قىلىمىز. «شىنجاڭ» دېگەن بەدنام ئەمدى بىزنىڭ تارىخىمىزدىن ئەبەدىي ئۆچۈرۈلۈشى شەرت.

جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى ئۇيغۇرىستان مىللىي مۇختارىيىتىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلۈشى ئۆزىنىڭ ۋەشۇ نامىغا مۇۋاپىق مەركەزنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىزنىڭ تولۇق مىللىي ھوقۇقلىرىمىز ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىشى كېرەك. مەسىلەن، مۇختارىيەت مەركىزىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى مىللىي، ئىككىنچىسى خەنزۇ. ھۆكۈمەت رەئىسى مىللىي، بىرىنچى مۇئاۋىنى خەنزۇ. پۈتۈن ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ بىرىنچى شۇجىسى بىلەن رەئىسلىرى مىللىي، ئىككىنچىلىرى مۇۋاپىق ھالدا خەنزۇلاردىن بولسا بولىدۇ. نازىرلار، ئىدارە - مەھكىمە باشلىقلىرى بۇ شەرتتىن مۇستەسنا مۇۋاپىق تەڭلىشىلىشى كېرەك. يەن - تاخـ

نىڭ كادىرلىرى ، مۇتەخەسسىسلەر ھازىرنى خەنزۇلارنىڭ ئەۋزەللىكى
ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى ۋاڭئىنىماۋ بېشلىق كونا خەنزۇ رەھبىرىي
كادىرلىرى ، تۆمۈر داۋامەت ، ھامىدىن نىيازلاردىن ئىبارەت مىللىي
رەھبەرلەر ئورۇنلىرىدىن ئېلىنىپ تاشلىنىپ ، سەيپىدىن ئەپەندى بىلەن
ئىسمايىل ئەھمەت يولداشلار ۋە ۋەتىنىگە كېلىشنى خالايدىغان چەت
ئەللەردىكى مىللىي زىيالىيلار ۋەتەن قوينىغا ياندۇرۇلۇپ كېلىشى كې-
رەك . مەركەزدىن كېلىدىغان بارلىق خەنزۇ رەھبىرىي يولداشلار تاما-
مەن يېڭىدىن بەلگىلىنىشى لازىم. ئەلۋەتتىكى ، ئۈرۈمچى پۈتۈن رەھ-
بىرىي كادىرلارنى بەلگىلەشتە مەركەزنىڭ ئەستىقسىز ئىش قىلمايدۇ.

؛ - بۇنداق بىر يېڭى مىللىي مۇختارىيەتنى ساغلام تازا ۋە ئۇ-
زۇن مۇددەتلىك بەرپا قىلىش ئۈچۈن ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىككىنچى
ئىسلاھات — بۇ رايونغا خەنزۇلارنىڭ كۆچۈشىنى تەرتىپكە سېلىش ،
ھازىرقى مەۋجۇت خەنزۇلارنىڭ نىسبىتىنى ئەكشەش ، خەنزۇلار ئۈچۈن
مەخسۇس ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇش ، باشقا ئاپتونوم ئوبلاست ،
ناھىيەلەرنى مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر . بۇ ھەقتە بىز مۇنداق پە-
كىرلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز : 1 ) مۇشۇ مەسىلە كۈنتەرتىپكە قو-
يۇلغان كۈندىن باشلاپ ، ئىچكىرىدىن ئېقىۋاتقان خەنزۇ كۆچمەنلە-
رى تامامەن توختىتىلىپ ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەركەز بىلەن ئۈرۈمچى
ئارىسىدا مەخسۇس بىر توختام تۈزۈلۈشى شەرت . 2 ) ھازىرقى بىر
مىليوندىن كۆپ خەنزۇ ئاھالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرغان «ئىش-
لەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى» تارقىتىلىپ ، تېخى ئورۇنسىز
ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن پۈتۈن خەنزۇ سايافلىرى ( تەخمىنەن 2
مىليونغا يېقىن كىشى ) شەرتسىز ئۆز يۇرتىغا ياندۇرۇلۇشى شەرت .
قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بېسىۋالغان بۈتۈن سايلاقلار چارۋىچىلارغا يان-

دۇرۇلۇپ، ئۇلار قولىدىكى تېرىلغۇ يەر ۋە باغۋەنچىلىك زونىلىرىغا ھازىر ئالتە شەھەر بويىچە يەر - مۈلكسىز، پۇلسىز نامرات ياشاۋاتقان يېرىم مىليوندىن كۆپ مىللىي دېھقانلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم. 3) ھازىر ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىلىرىنى ساقلاۋاتقان 200 مىڭدىن ئوشۇق خەنزۇ ساقچى قىسىملىرى بار، بىزگە مۇشۇ قىسىم يېتىپ ئاشىدۇ. بۇلاردىن باشقا كۆپتىن بېرى: «سوۋېت خەۋپى»، «ھىندىستان خەۋپى؟!» - دېگەن باھانىلار ئاستىدا ۋەتىنىمىزدە كۆتۈلۈپ ئىپلەۋاتقان ھەربىي رايون قىسىملىرى پۈتۈنلەي بىردىن ياندۇرۇلۇپ ئېلىنىشى كېرەك. چېگرا قىسىملىرى ئىچىدە مىللىي قىسىملار بەرپا قىلىنىشى شەرت. 4) بىز قالغان خەنزۇ پۇقرالىرى ئۈچۈن ھازىرقى خەنزۇلار مەركىزىي شىخەنزە، سارەن، ماناس ۋە كۈيتۇڭلاردىن ئىبارەت تۆت شەھەرنى بىرلەشتۈرگەن خەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇۋاپىق دەپ ھېسابلايمىز. بۇ چاغدا ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ باي، سانائەتلەشكەن ۋە دېھقانچىلىق ئىشى تەرەققىي قىلغان يەرلىرى مۇشۇ ئاۋتونومىيە تەركىبىدە بولىدۇ. بىز باشقا مىللىي ئاپتونومىيەلەرنىڭ بىر مىللەت پەقەت بىرلا ئورۇنغا مەركەزلىشىشى مۇۋاپىق دەپ ھېسابلايمىز.

3 - جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى ئۇيغۇرىستان مىللىي مۇختارىيىتىنىڭ پۈتۈن تەبىئىي بايلىقلىرى بىلەن مىللىي ئىقتىسادىنىڭ 50%ى مۇشۇ ئۆلكىنىڭ مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىپ، 50%ى مەركەز ئىختىيارىغا بېرىلىشى ئېنىق بەلگىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەركەز بىلەن ئۈرۈمچى ئارىسىدا رەسمىي توختام تۈزۈلۈشى كېرەك. لېكىن ئۈرۈمچى بۇ بايلىقلارنى ئېچىشتا ھازىر دۆلەت تەرىپىدىن يول بېرىلىۋاتقان «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتىدە مەركەزنىڭ رەھبەرلىكىگە تايىنىشى لازىم. چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي

سىلىشتا يۇقىرىقى پرىنسىپتىن تاشقىرى، ئۈرۈمچى موڭغۇلىستان بە-
لەن توغرىدىن - توغرى ئالاقە ئورنىتىپ، موڭغۇلىستان تەجرىبىسىنى
قوبۇل قىلىش كېرەك.

4 - ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرىستان مىللىي مۇختارىيىتى خەلقئارا مۇنا-
سىۋەتتە مەركەزسىز ھېچبىر دۆلەت بىلەن ئۆز ئالدىغا ئالاقە ئورنات-
مايدۇ. لېكىن ب د ت نىڭ ھەر يىللىق ئومۇمىي يىغىنىغا ۋە مۇناسى-
ۋەتلىك باشقا خەلقئارا يىغىنلارغا بولۇپمۇ ئىسلام ئەللىرى يىغىنلىرى-
غا مەملىكىتىمىز ۋەكىللىرى ئىچىدە ئۇيغۇرىستاننىڭ بىر ۋەكىلى قاتنى-
شىپ تۇرۇشى لازىم.

5 - شۇ كۈنگىچە مەركەز بىلەن شىنجاڭ ئارىسىدا سادىر بولۇپ
كەلگەن يەنە بىر سوغۇقچىلىق — مەركەزنىڭ كادىرلار ئۈچۈن ئويلاپ
چىققان ھەر خىل سىياسىي ئۆگىنىشلەرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ بو-
لۇشى بولسا، بۇ ئۆگىنىشلەردە قوللىنىلغان ئۇسۇل تامامەن يەرلىك
مىللەتلەرنىڭ پسىخولوگىيىسىگە زىت بولىشىدىن ۋە ساختا ئەنزىلەر
ئۇيۇشتۇرۇلۇپ جازالىشىدىن بولدى. مەسىلەن، مۇسۇلمان مىللەت-
لەرگە تېڭىلىپ كەلگەن: «پانئىسلامىست»، «پانتۈركىست» دېگەن
خەلقئارا تۆھمەتلەر بۇ ئۆگىنىشلەردە شۇنچىلىك كەڭ، قوپال ۋە ھا-
قارەتلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇكى، ھېچبىر «ئاق تەنلىكلەر»، «قارا
تەنلىكلەرگە» بۇنداق مۇناسىۋەتلەردە بولمىغانىدى. بىز مەكەزدىن
مۇندىن كېيىن مانا بۇنداق ساختا ئەنزىلەرنىڭ تامامەن توختىتىلىشى-
نى، بۇ ئۆگىنىشلەردە قاماقتا ئېلىنغان سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ دەر-
ھال ئازاد قىلىنىشىنى سورايمىز.

6 - بىز يۇقىرىدا بىزنىڭ بۇ خېتىمىزنى ئوقۇغان ھەر قانداق كې-
شىگە يامان تەسىر قىلمىسۇن ئۈچۈن، مەرھۇم ماۋجۇشىنىڭ ئاتوم
يادرو پالىگونىنى قۇرۇشتا بەرگەن ئىنتايىن يامان بۇيرۇقى ھەققىدە

ۋە بۇ بۇيرۇق بويىچە سادىر بولۇپ كەلگەن مىللىي پاجىئەلەر ھەققىدە سۆز قىلمىدۇق. شىنجاڭ خەلقى بۇ پاجىئەلەردىن يەنە ئون يىللار مابەينىدىمۇ قۇتۇلالمايدۇ. لېكىن مەركەز بۇ پاجىئەلەرنىڭ ھازىرقى ئەڭ ئېغىر ساقىندىسى ئۆپكە -جىگەر راكلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، دۇنيادىن ياردەم سورىمىسا بولمايدۇ. بىز بېيجىڭنىڭ بۇ مۇدھىش پالىگونىنى ئەندى بىزنىڭ يېرىمىزدىن ئۈزۈل - كېسىل كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېتىپ، ئەزەلدىن تىنچلىق، بەخت - سائادەتكە تەشنا ئۇيغۇرستانلىقلارنىڭ بۇ پالاكەتلەردىن ئەبەدىي قۇتۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

7 - مەركەز باشتىن تارتىپلا مەقسەتلىك ھالدا بىزنىڭ نوپۇسىمىزنى يوشۇرۇپ، 5 - 6 مىليوندىن ئاشۇرماي كېلىۋاتىدۇ. بىز 1956 - يىلى مەرھۇم ئەنۋەر جاكولىن رەئىسلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر نوپۇس تەكشۈرۈشتە، يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ 6 مىليوندىن ئېشۇق كۆرسىتىلگىنىنى ياخشى بىلىمىز. بۇ سانمۇ يامان غەرەزدە ئېلان قىلىنمىدى. ھازىر دۇنيا بويىچە بىزنىڭ نوپۇسىمىز ئامېرىكىدا 14 مىليون، تۈركىيەدە 20 مىليون، سوۋېت ئىتتىپاقىدا 17 مىليون، ئۆز مەنبەلىرىمىزدە 28 مىليون بولۇپ، تۆت خىل كۆرسىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز بۇ تۆت سانىنىڭ ئەڭ توغرىسى، ئۆز ھەققىتىمىز 28 مىليون دەپ بىلىمىز. بۇ ھەقتە مەركەز قەتئىي تۈردە بىر قارارغا كېلىشى كېرەك.

قىممەتلىك دېڭ چوڭ ئاكا! ھۆرمەتلىك مىخايىل سېرگېيېۋىچ!

بىز ئاخىرىدا سىز ئۇلۇغ ئىككى كوممۇنىستنىڭ دىققەت نەزەرىگە تۆۋەندىكى يۈرەك سۆزلىرىمىزنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىمىز. ئۇ بولسا - بىز ھەممىمىز ئادەملەرمىز. ئادەملەر ماددا بولۇپ تۇغۇلسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئالىي ئىنسانىي روھ بىلەن ياشىشىنى بىلىمىز. ئۆرۈم — ھەر بىر خەلقنىڭ ئانا تارىخى، شۇ تارىختىكى مىللىي پەخرى. كۆـ

زەل زېمىنى ئۇنىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتى. ھەر مىللەتنىڭ باشقا مىللەت-لەرگە ئوخشىمىغان ئېسىل مىللىي خىسلەتلىرى، ماختىنىشلىرى، مىللىي دۆلەت، ئۇنىڭ شانۇ - شەۋكىتى ۋە باشقىلىرى بار. ھازىر خەن-زۇلار، رۇسلار ۋە پۈتۈن مۇستەقىل مىللەتلەر مۇشۇ روھ بىلەن مەغرۇر ياشاۋاتىدۇ. بىز خەنزۇ خەلقىنىڭ ئۆزىنى «ئۇلۇغ خەنزۇ خەلقى» دېيىشىگە، رۇسلارنىڭ ئۆزىنى «ۋېلىكىي رۇس!» - دېيىشىگە قارشى ئەمەسمىز. ئەگەر ئۇلۇق خەنزۇلار ئۆزىدىن باشقا ئۇيغۇرلارنى، تە-بەتلىكلەرنى، موڭغۇللارنى ھەم شۇنداق ئۇلۇق ساناپ، ئۇلارنىمۇ ئۆزىدەك ئۆزىنىڭ ئالىي مىللىي روھى بىلەن بەھرىمەن قىلسا، مانا بۇنىڭ ئۆزى ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق بولمامدى ؟! دەپ ئەرمان قىلىمىز.

بىز شەخسەن يولداش دېڭشياۋپىڭدىن شۇنى سورايمىز. ئە-گەر خەنزۇ ئاكىلىرىمىز جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى ئۇيغۇرىستان مىل-لىي ئۇختارىيىسىدە مىللىيلار بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك بىر مىللىي دوست-لۇقنى، تىنچ، ئىناق ۋە باي سوتسىيالىزم ئائىلىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈ-رۈشنى دېسە، پەقەت بىزنىڭ يۇقىرىقى ...ەنىمىز ۋە يەتتە تەلىپىمىز ئا-ساسىدا ئۇيغۇرىستاندا تامامەن يېڭى. زامانىۋى ھەم ئادىل بىر مىل-لىي ئىسلاھات ئۆتكۈزۈلۈشى لازىم. بۇنىڭسىز بۇ ئۆلكىدە ھېچقاچان تىنچلىق بولمايدۇ!

بىزنىڭ بۇ خېتىمىزدە يولداش گورباچوۋنىڭ لىززەتلىك نامىنى تىلغا ئېلىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز - دۆلىتىمىز ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ئەمەس، ئۇلۇق لېنىن پارتىيىسىدىن ئەنئەنىۋى ياردەم سوراش، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلۇق ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بېرى، بىزنىڭ مىللىي تەقدىرىمىز يولىدا ئورەۋن ھەم خالىس ئارىلىشىپ، ياردەم قىلىپ، ھەتتا ئاچارچىلىق يىللىرى ياردەم قىلىپ، بىزنى قەھەتچىلىك-تىن قۇتقۇزۇپ كەلدى. جۈملىدىن شۇنداق 1949 - يىلى جۇڭخۇا

خەلق رېسپۇبلىكىسىغا تىنچ يول بىلەن قوشۇلغاندا، موسكۋا بىزنى ئالاھىدە رىغبەتلەندۈرۈپ، مىللىي تەقدىرىمىزنىڭ يامان بولماسلىقى- غا كاپالەتلىك بەرگەنىدى. موسكۋانىڭ ئۆزىنىڭ بۇ كاپالىتىنى سۇ- رۈشتۈرىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى. بىز مۇشۇلار ئاساسىدا يول- داش گورباچېۋتىن شۇنى ئۆتۈنىمىزكى، مىللىي ئالىي دەرىجىلىك ئۇچرىشىش بولسۇن، بولمىسۇن، بىزنىڭ مۇشۇ تەلىپىمىز بويىچە بېي- جىڭ بىلەن قېرىنداشلارچە سۆزلىشىپ، ئۇيغۇر يېرىدە قېپ قالغان بۈگۈنكى خەتەرلىك ئەھۋالنى ئۆزگەرتسە، ھەقىقىي ئىنتېرناتسىونالىق ياردەم بېرىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

ۋەتىنىمىزدىكى 200 مىڭدىن ئوشۇق مىللىي كوممۇنىستلار بىلەن 100 مىڭدىن ئوشۇق ئىنقىلابىي زىيالىيلار نامىدىن.

(ئىمزا)

1988 - مارت، ئىيۇن

# پاكىستاندىكى «يەر شارى ئۇچۇرى»دىن

(پاكىستان ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ «يەر شارى ئۇچۇ- رى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىلى 11 - سانىدا مۇھەممەت ئەركىن ئالىپ- تېكىن دېگەن كىشىنىڭ بىر پارچە ماقالىسى بېسىلدى. «شەرقىي تۈر- كىستاندىكى مۇسۇلمانلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىماقتا» دېگەن ماۋزۇ- دىكى بۇ ماقالىدا، شىنجاڭنىڭ تارىخى قاتتىق بۇرمىلانغان، ئازاد- لىقتىن كېيىن پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىنىي سىياسىتى ۋە تې- رىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىگە ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قىلىن- غان.

ماقالىدا 7 مەسىلە بويىچە ئەكسىيەتچى كۆز قاراش ئوتتۇرىغا

تويۇلغان. بىز بۇ يەردە ئاخىرقى 2 مەسىلىنى قىسقارتىپ ئالدۇق).

6 - سىياسىي تارىخى

مىلادىدىن 210 يىل ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان ھەر قايسى تۈرك خانلىقلىرىنىڭ چېگرا دائىرىسى ئىچىدە ئىدى. بۇ خانلىقلار ھونلار (مىلادىدىن ئىلگىرى 210، مىلادى 386 - يىلىغىچە)، توقباتلار (مىلادى 386 - 531 - يىلىغىچە)، كۆك تۈركلەر (مىلادى 552 - 744 - يىلىغىچە)، ئۇيغۇرلار (مىلادى 744 - 840 - يىلىغىچە)، قاراخانىلار سۇلالىسى (مىلادى 840 - 1120 - يىلىغىچە)، تۈرك موڭغۇللىرى (مىلادى 1218 - 1759 - يىلىغىچە) مۇشۇ ئەللەرنىڭ بەزىدە زەيىپلىشىپ كېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگولۇقلار مىلادىدىن ئىلگىرى 104 - يىلى، مىلادىدىن ئىلگىرى 59 - يىلى، مىلادى 73 - يىلى، 481 - يىلى ۋە 744 - يىلى شەرقىي تۈركىستانغا تالاي قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ۋاقىتلىق غەلبە قازىنالمىغانىدى. جۇڭگودا بۈيۈك ئىمپىرىيە قۇرغان مانجۇلار 1759 - يىلى شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، بۇ رايوننى 1862 - يىلىغىچە ئىدارە قىلغان. بۇ مەزگىلدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرى 42 قېتىم قوزغىلاڭ قىلىپ، جۇڭگو مانجۇلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق قىلغان. 1863 - يىلدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق قوزغىلاڭدا، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى مانجۇلارنى ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ياقۇپ بەگ رەھبەرلىكىدىكى مۇستەقىل دۆلەتنى قۇرغان. بۇ دۆلەت 16 يىل مەۋجۇت بولغان.

ئەنگلىيىلىكلەر چارروسىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا چاڭگىلىنى ئۇزارتىشىدىن ئەندىش قىلىپ، مانجۇ خاندانلىقىنى شۇ رايوننى قايتا بويسۇندۇرۇشقا قۇتراتقانىدى. مانجۇ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىغا بوستانىيە بانكىسى تەرىپىدىن خىراجەت بېرىلگەن ئىدى.

1876 - يىلى، زوزوڭتاڭ (گېنېرال) ئەسكەر باشلاپ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەن. شۇ قېتىم بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ جايغا «شىنجاڭ» دەپ نام قويۇلغان ھەمدە 1884 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مانجۇرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن.

شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى چەت ئەل ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلغان. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ قىلغان. 1933 - 1944 - يىللىرى ئارىلىقىدا، تۈرك مۇسۇلمانلىرى ئىككى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان بولسىمۇ، ھەر ئىككى قېتىمدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئارىلىشىشى ۋە سىياسىي سۇيىقەستى ئارقىلىق ئاغدۇرۇلغان.

1949 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گومىنداڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قالغان. شەرق تۈركىستاندىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىر پاي ئوق چىقارمايلا، بۇ جاينى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. لېكىن يۈز مىڭلىغان تۈرك مۇسۇلمانى تاكى ھازىرغا قەدەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى بىلەن ئېلىشماقتا.

7 - شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىماقتا.

شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پىلانلىق ھالدا شۇ جايدىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرىغا زىيانكەشلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئىقتىساد ۋە دىن جەھەتلەردە بەلگىلەپ بەرگەن نىشاندىن، بۇ زىيانكەشلىك قىلىش سىياسىتىنىڭ ئىز-

لىرىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «مەدەنىيەتنى ئىسلاھ» قىلىش شوئارىنى باھانە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قوللىنىپ كەلگەن ئەرەب يېزىقىنى بىكار قىلىپ، خەنزۇ ئاھاڭى بويىچە تەلەپپۇز قىلىشقا بولىدىغان لاتىن ھەرپىگە ئۆزگەرتىپ، خەنزۇچە سۆزلۈكلەرنى قوللىنىش ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇشقا باشلىغان. ئەرەبچە يېزىق بويىچە يېزىلغان 370 مىڭ پارچە كىتابنى، جۈملىدىن «قۇرئان»نى، «سەھىھۇلبۇخارى» ۋە باشقا دىنىي ئەسەرلەرنى «كونا قالدۇقلار» دەپ كۆيدۈرۈۋەتكەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئىسلاھاتى»نى باھانە قىلىپ، 96.6% شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى 30 مىڭ كوممۇنىغا قوشۇۋېتىپ، ئۇلارنى ھايۋان كەبى ئىنسانغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس ئىسلام ئائىلىسى بەلىبىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان. مۇسۇلمانلار جۇڭگولۇقلار بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرۇشقا، بىر ئاشخانىدا، بىر قازاندا تاماق ئىچىشكە مەجبۇرلانغان. تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى جۇڭگولۇقلار بىلەن توي قىلىشقا زورلانغان. ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلغان بالىلارنىڭ 30-40% تى مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تۇغۇلغان بالىلاردىن ئىبارەت.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىسلام دىنىغا ئەڭ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان. دەسلەپتە ئۇلار «يەر ئىسلاھاتى» دېگەن نامنى باھانە قىلىپ، ۋەخپە يەر ۋە دىنىي مال-مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ بايلىق مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇلارنى مەبلەغ بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، دىنىي پائالىيەتلىرىنى

توختىتىشقا مەجبۇرلىغان. ۋەھىمە بەر ۋە دىنىي مال - مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا مەسچىتلەرگە ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتىنى ئېسىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كادىرلىرىنى دىنىي پائالىيەتلەردە كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىياسىي ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «خەلققە بىر تۇتاش تەربىيە ئېلىپ بېرىش»نى باھانە قىلىپ، جامەلەر تەربىيىدىن ئېچىلغان مەكتەپلەرنى يېپىۋېتىپ، بارلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ باشقا مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئۇنداق مەكتەپلەردە سۆزلەنگەن نەرسىلەر ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «جامەلەرگە كىرىپ ناماز ئوقۇش، ھەدىسە سۆزلەش ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ» دەپ قاراپ، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي بۇرچىنى ئادا قىلىشىنى مەنئى قىلدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى 29 مىڭدىن ئارتۇق جامە پىچەتلىنىپ، گازارما، ئېغىل، قۇشخانىغا ئۆزگەرتىلدى. 54 مىڭ ئىمام قولغا ئېلىندى ۋە تاياق ئازابىنى تارتىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى. مەسىلەن، تەرەتخانىنى تازىلاش، چوشقا بېقىش، چوشقا سويۇش، ھەتتا چوشقا گۆشىنى يېيىشكە مەجبۇرلاندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىسلام دىنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئاساسلىق توسالغۇ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قارىتا بولۇپمۇ قاتتىق زەربە بەردى.

...... (ئىسلام دىنىنىڭ مىللەتنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاپ قېلىش-

تكى ئەھمىيتى قىسقارتىلدى )

ئۇلار ئۆز يۇرتىنى ، ئېتىقادىنى ۋە مىللىتىنىڭ بىردەكلىكىنى قوغ-داش ئۈچۈن ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار 1949 - 1951 - 1959 - ، 1963 - 1965 - ۋە 1968 - يىللىرى ئارقا - ئارقى-دىن ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى 85 قېتىم چوڭ قوز-غىلاڭ قىلغان.

1950 -يىلدىن 1962 - يىلغىچە ئارىلىقتا ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇن-لۇق مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن قوزغالغان شەرقىي تۈركىستان مۇ-سۇلمانلىرى ئىچىدە 360 مىڭ كىشى ئۇلار تەرىپىدىن يوقىسلدى ، 100 مىڭ كىشى چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. 500 مىڭدىن ئارتۇق كىشى شەرقىي تۈركىستاندىكى 10 ئەمگەك جازا لاگېرىغا توغلاندى ( بۇ جايدا بۇنداق جازا لاگېرىدىن 19ى بار ).

ھەقىقەتەن ماۋزېدۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن ، جۇڭگونىڭ يېڭى رەھ-بەرلىرى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە ئەركىن-لىك بەردى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئېپادىسى ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ۋە دىنىي تۇرمۇش جەھەتلەردە. لېكىن ، ماۋزېدۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن ، ئوتتۇرىغا چىققان مۇشۇنداق ئەركىنلىك تەدبىرلىرى ، شەرقىي تۈر-كىستان مۇسۇلمانلىرىنى يەنىلا قانائەتلەندۈرەلمىدى. 1979 - يىل-دىن بۇيان ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەر - بازارلىرى-دا ، قوراللىق توقۇنۇشلارنىڭ بولۇپ تۇرغانلىقى خەۋەر قىلىندى. بۇ توقۇنۇشلار جۇڭگولۇقلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ داھىلىرى ئوتتۇ-رىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنى قايتا قوزغىغۇتتى.

شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلار ۋە ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇپ بولۇشىنىڭ تۈپ يىلتىزى ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە ئىنتىزار بولغانلىقىدا. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن ئىلگىرى بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلماقتا.

...... (پارتىيىمىزنىڭ مىللىي، ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى قىسقارتىلدى)

شەرقىي تۈركىستان نامى ھازىر «ئاپتونوم رايون» دەپ ئۆزگەرتىلدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا، تۈرك مۇسۇلمانلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇشتا ھېچقانداق ھوقۇق بېرىلگىنى يوق. ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى پۈتۈنلەي جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىدا.

...... (غەربىي گېرمانىيىنىڭ «ئەينەك» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىلى 11 - سانىدا بېسىلغان پارتىيىمىزنىڭ ئاپتونومىيە سىياسىتىگە قارشى ماقالىدىن ئېلىندى)

ئاپتونومىيە مەسىلىسىدىن باشقا، شەرقىي تۈركىستاندا جۇڭگولۇقلار بىلەن تۈرك مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا، ھەقىقىي تۈردە ئىلگىرى توختام قىلىنغان «باراۋەرلىك» ئىشقا ئاشۇرۇلغىنى يوق.

مەسىلەن، جۇڭگولۇقلار بىلەن تۈرك مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولغان ھاللاردا، دائىم كېيىنكىلەر ئەيىبكە بۇيرۇلاتتى. توخۇ بوغۇزلىنىپ، مايمۇن قورقىتىلاتتى. تۈرك مۇسۇلمانلىرى قانۇن، دەۋا، سىياسەت باشقۇرغان جايلاردىمۇ ئۇلار تۈرك مۇسۇلمانلىرى بىلەن جېدەللەشكەن جۇڭگولۇقلارنى جازالاشتىن باش تارتتى، چۈنكى ئۇلار «مىللەتچى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقنى كىيىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. ئەگەر تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ چىقارغان قارارى ئۆز مىللىتىگە پايدىلىق بولۇپ، جۇڭگولۇقلارغا پايدىسى بولمىغان بولسا، بۇ كىشىلەر «ئۇستۇرۇلدى» دېگەن نام بىلەن بېيجىڭغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، يېڭى ۋەزىپىنىڭ «ھۆددىسىدىن چىقالايدى-

ھان، بولغانغا قەدەر ئىز يەردە تۇرىدۇ. بارلىق «ئېسىل خىزمەتلەر»نى جۇڭگولۇقلار ئىشلەيدۇ، «قارا» خىزمەتلەرنى تۈرك مۇسۇلمانلىرى قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىكى بىر چوڭ مېھمانخانىنىڭ 250 خىزمەتچىسى بار بولۇپ، ئاران 35 نەپىرى تۈرك مۇسۇلمانلىرى، قالغانلىرى پۈتۈنلەي جۇڭگولۇقلار ئىكەن. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر چوڭ ماگىزىندا 481 نەپەر خىزمەتچى بار بولۇپ، تۈرك مۇسۇلمانلىرى ئاران 15 كىشى ئىكەن؛ بۇ شەھەرنىڭ يېنىدىكى بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەۋاتقان خىزمەتچىنىڭ سانى ئىچىدە تۈرك مۇسۇلمانلىرى ئاران 10% نى تەشكىل قىلىدىكەن. شەرقىي تۈركىستاندا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى ئىشقا ئورۇنلىشالايدىكەن، لېكىن تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىشسىز قېلىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن.

جۇڭگونىڭ يېڭى رەھبەرلىرى مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن شەرقىي تۈركىستاندا ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. شەرقىي تۈركىستاندا، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ سانى ئاران 26% نى تەشكىل قىلىدىكەن. قالغانلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگولۇقلار ئىكەن. بارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرى پۈتۈنلەي خەنزۇچە ئىكەن. چۈنكى ئىمتىھان تەغزى خەنزۇچە بولغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي تىل - يېزىق مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن ئاسان ئۆتەلمەيدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بىر قەدەر ياخشىراق مەلۇمات ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئائىلىلەر باشتىلا ئۆز پەرزەنتلىرىنى پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتىدىغان باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە بېرىشكە مەجبۇرلىنىدىكەن. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، خەنزۇچە مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن بالىلار، ئۆ-

زىنىڭ ئانا تىلىنى سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن. ئۇلار ئۆز ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى خەنزۇلارغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ نارازىلىقىنى پەيدا قىلماي.

جۇڭگونىڭ يېڭى رەھبەرلىرى، ئەدەبىيات ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى. لېكىن تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى پەقەتلا ئاز ئىكەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىتابلارنىڭ 16% تى تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ تىل - يېزىقىدا چىقىدىكەن.

خەنزۇچە ئاھاڭ بويىچە تەلەپپۇز قىلىدىغان لاتىن ھەرپىنىڭ ئورنىنى ئەرەبچە ھەرپ ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەرەبچە يېزىقنى يېڭىدىن باشتىن قوبۇل قىلىش ئاسان ئەمەس. چۈنكى ئىلگىرىكى 20 نەچچە يىل جەريانىدا، بىر نەچچە يۈزمىڭ تۈرك مۇسۇلمانلىرى ئوقۇشنى لاتىن يېزىقى بىلەن ئۆگەنگەن. ئۇلار بۈگۈن يېڭىباشتىن ئەرەبچە ھەرپنى ئۆگىنىشكە بولمايدىغان يەرگە يەتتى. شۇنداق قىلىشتا ئەرەبچە ھەرپ بىلەن چىقىرىلغان گېزىتنىمۇ ئوقۇيالمايتتى. گەرچە ئەرەبچە ھەرپ ئۆگىتىدىغان كەچ كۇرسلىرى ئېچىلغان بولسىمۇ، بازارغا ئەدەبىي ئۈنۈمى ئانچە چوڭ بولمىدى.

شەرقىي تۈركىستان ئىستابىل باي يەر، لېكىن بۇ جايدىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇشى نادايچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شۇ جاينىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى (ئات - ئىشەكلەرنى) جۇڭگوغا ئېلىپ كېتىدۇ.

…… (پاكىستان يازغۇچىسى مۇھەممەت لەتىپنىڭ «جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنى» دېگەن كىتابىدا جۇڭگوغا قارشى ماتېرىياللار ھۆججەتلەردىن ئېلىندى. كەينى قىسقارتىلدى).

جۇڭگونىڭ يېڭى رەھبەرلىرى جاكالىدىكى، ئۇلار شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ شەخسىي تىجارەت قىلىشىغا يول قويغانمىش، لېكىن ئاز - تولا دەسمايىسى بولۇپ، بۇنداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى بولغانلارمۇ، دەسمايىسى يېتىشمەي، بۇنداق كەسىپ بىلەن ناھايىتى ئاز شۇغۇللاندى.

...... (ئومۇمىي بايان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن پارتىيەمىز دىنىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكى، مەسىلەن، مەسچىتلەرنى ئېچىش، «قۇرئان» نى تەرجىمە قىلىش ۋە نەشىر قىلىش، ھەرەمگە بېرىپ تاۋاپ قىلىشقا يول قويۇش قاتارلىقلار)

بۇ جەھەتلەردە ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ يېڭى رەھبەرلىرى يەنىلا دىنىي جۇڭگودىكى بىر خىل پاسسىپ كۈچ دەپ قارىماقتا. خۇددى 19 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئېيتىلغاندەك (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 19 - نومۇرلۇق ھۆججىتىگە قىلىنغان ھۇجۇملىرى ئىسقارتىلدى).

خۇلاسە: 35 يىلنىڭ ئالدىدا شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلغان جۇڭگولۇقلار، بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بىرمۇ پايدىلىق ئىش قىلىپ بەرمىدى. 35 يىل جەرياندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىزچىل تۈردە پىلانلىق ھالدا مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش سىياسىتىنى — ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتى ۋە دىنىنى يوقىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلدى.

جۇڭگونىڭ يېڭى رەھبەرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە دىنىي ئەركىنلىك پەقەت مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا كۆز - كۆز قىلىشتىن ئىبارەت.

پرىنسىپتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەنىلا ئىسلام دىنىغا ئۆچمەنلىك قىلىش كۆز قارىشىدا تۇرۇپ كەلمەكتە. جۇڭگونىڭ يېڭى

رەھبەرلىرى شۇنداق دەپ قارايدىكى، ماۋزېدۇڭ دەۋرىدە ئىسلام دىنىدىكىلەر ئۇزۇل - كېسىل باستۇرۇلمىغان. چۈنكى شۇ چاغدا پرىنسىپتا قوراللىق كۈچ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇلارمۇ خەلقئارانىڭ ئەيىبلىشىدىن ساقلىنىش لازىملىقىنى چۈشىنىدۇ. لېكىن تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىش، مەدەنىيىتى ۋە دىنىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن يوقىتىلىشىنىڭ خەۋپى ساقلانماقتا.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كىرىشتىن ئىلگىرى، شەرقىي تۈركىستاندا ئاران 200 مىڭ جۇڭگولۇق ئاھالە بار ئىدى، ھازىر 5 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى (ئەسكەرلەر بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس). جۇڭگولۇق ئاھالىلارنىڭ سانى بارغانسىرى كۆپەيمەكتە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى خوياۋباڭ يېقىندا، شەرقىي تۈركىستانغا 200 مىليون جۇڭگولۇق كۆچمەنلەرنى يۆتكەش قىيىن ئەمەس دېدى. مانا بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار غايەت زور قورقۇنۇچلۇق ئىچىدە ياشىماقتا. ئۇلار مۇشۇنچىۋالا كۆپ جۇڭگولۇقلارنىڭ كېلىپ بېسىپ كېتىشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ مىللىتىنىڭ بىردەكلىكىنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا.

گومىنداڭ جۇڭگوسى، غەربىي ئەللىرى ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، 1949 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن ئىلگىرى، جۇڭگودا 50 مىليون مۇسۇلمان بار ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماتېرىيالىغا قارىغاندا، ھازىر ئاران 15 مىليون مۇسۇلمان بار ئىكەن. مۇسۇلمانلارنىڭ نېمە ئەھۋالغا ئۇچرىغانلىقىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن. ھازىر جۇڭگودا مۇسۇلمانلارنىڭ تەڭدىن يېرىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئولتۇرىدىكەن. ئەگەر بىز بىر نەچچە يىل ئىچىدە، بۇ مۇ-

سۇلمانلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلساق، ئىسلام دۇنياسى زورزور ھە-
رىكەت قوللىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ۋە پۈتكۈل جۇڭگودىكى مۇ-
سۇلمانلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالماقچى ئە-
كەن.

قوشۇمچە ئىزاھات: «يەر شارى ئۇچۇرى» ژۇرنىلى پاكىستان كا-
راچى ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى، قائىدىلىرى، تارىخى، مەدەنىيە-
تى، ئىقتىساد تۈزۈلمىسى، سىياسىي ۋە ئىسلام ئەللىرىنى تەتقىق قى-
لىدىغان ئەنگلىزچە مەجمۇئە. ژۇرنالنىڭ باش تەھرىرى، تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ باش كاتىپى سىيات. مۇئەززەر. ھاسان. بۇ ژۇرنال پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلىدۇ. ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ۋە بۇ ژۇرنالنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن قىلچىمۇ خەۋىرىمىز يوق. لېكىن قول-
مىزدىكى بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ژۇرنالنىڭ سىياسى-
ۋىلىكىنىڭ ئىسلامىي كۈچلۈك ئىكەنلىكى، مەيدان جەھەتتە، ئاتال-
مىش «ئەرەب رادىكاللىرى» گە ئىسلامىي يېقىنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا تەرجىمە قىلىنغان ماقا-
لىلاردىن قارىغاندا، ئۇلار تۈركىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستا-
نى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، غەربىي گېرمانىيە، شياڭگاڭ ۋە تەيۋەنلەر-
نىڭ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپتۇ. ئۇنىڭدا بىزنىڭ خەلق گېزىتى-
مىز، شىنجاڭ گېزىتىمىز، قىزىل بايراق ژۇرنىلىمىز ۋە شىنخۇا ئاگېنتلى-
قىمىز تەرىپىدىن تارقىتىلغان خەۋەرلەردىنمۇ پايدىلىنىپتۇ. ئاپتورنىڭ كۆز قارىشىنى، ئەھۋاللاردىن خەۋىرىمىز دېگەن نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈشكە قېيىن. يەنە بىر ئەھۋال، «يەر شارى ئۇچۇرى» 1986 - يىلى 12. - سانىدا ئەركىن دېگەن كىشىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن تېمىدا يازغان ماقالىسى ئېلان قىلىنغانىكەن. ئۇ بىزنىڭ ئۆت-

كەن يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەـ
گەنلىكىمىزدىن پايدىلىنىپ، قايتا ھۇجۇم ياساپ، «تۈرك مۇسۇلمانـ
لىرىنىڭ تەبرىكلىگىدەك ھېچنەرسىسى يوق» دېگەن ئىكەن. بۇ ماقالە
مەزمۇن جەھەتتە ئالدىنقى ماقالىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. پەقەت پىتـ
نە - ئىغۋاسى بەكمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ. ھەمدە: «شەرقىي تۈركىستاننىڭ
جۇڭگولىششىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگوـ
لۇقلار بىلەن تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ نىكاھلىششىنى تەشەببۇس قىلـ
دىغان بىر خىل سىياسەتنى يولغا قويدى، توي قىلغانلارغا ئالاھىدە
ياردەم قىلدى. ھۆكۈمەت يەنە بۇ ئىككى مىللەتنىڭ توي قىلىشىنى
تەشۋىق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات
قۇردى» دەپ ۋالاقلىدى. ماقالىنىڭ ئاخىرىدا يەنە: «شەرقىي تۈرـ
كىستاندىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۈرك، ئىسلام بىردەكـ
لىكىنى قوغداش ئۈچۈن ھايات - ماماتلىق كۈرەش قىلماقتا، ئەگەر
ئەركىن دۇنيا بۇ ئەھلىيەتكە داۋاملىق سەل قارايدىغان بولسا،
شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرى پات ئارىدىلا تارىخ
سەھنىسىدىن غايىپ بولىدۇ» دېيىلگەن.

# تۈركىيىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلى

بانتۈركىست ئەيسا ئالىپتېكىن باشچىلىقىدىكى مىللىي بۆلگۈنچـ
لەر تۈركىيىگە بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، چەت ئەل ئەكسىيەتچى
كۈچلەرنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش
يولىدىكى ھەرىكەتلىرى كۈچەيتىپ كەلدى. جۈملىدىن تۈركىيىدە
«شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» دېگەن نام ئاستىدا پەسىللىك ژۇرنال

چىقىرىپ پۈتۈن دۇنياغا تارقاتماقتا؛
تۈركچە، ئەنگلىزچە، ئەرەبچە (بەزەن ئۇيغۇرچىمۇ چىقىدۇ) بو-
لۇپ 3 تىلدا بىر قىسىم نەشر قىلىنىدىغان بۇ ژۇرنالدا ئۇ بۆلگۈنچە-
لەرنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيىسى گەۋدىلىك ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇ ئەكس-
يەتچى ژۇرنال تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق رايونىمىزغىمۇ ئېقىپ كىرىپ
خەلق ئارىسىدا تاراپ يۈرمەكتە. بىز بۇ يەردە پەقەت رەھبەرلىكنىڭ
ئەھۋال ئىگىلىشىگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن بۇ ژۇرنالنىڭ 1981 -
يىلى 2 - سانىغا بېسىلغان بىر قىسىم ماقالىلارنىلا تاللاپ باستۇق.

# ئەزىز كىتابخانىلىرىمىز

ئەيسا ئالپتېكىن

«شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ناملىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2 - سانى-
نى ئالدىڭلار. بۇ ژۇرنىلىمىز ئۈچۈن كۆرسەتكەن سەممىي ياردە-
مىڭلار، بىزنىڭ قايتىدىن ئالدىڭلارغا چىقىشىمىز ئۈچۈن يول ئېچىپ
بەردى.

1. سانىنى چىقارغاندا بۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ قارشى ئېلىنغانلىقىنى
بىلگەن ئىدۇق. لېكىن مۇشۇنداق قىزغىن، مۇشۇنچىلىك جۇشقۇن،
بۇنداق سەممىي بىر خىل ھاياجان بىلەن قارشى ئېلىنىشىنى تەخمىن
ۋە تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىدۇق.

دوستلىرىمىزنىڭ مەيلى يۇرت ئىچىدە، مەيلى يۇرت سىرتىدا ئا-
ۋازىمىزغا قۇلاق سېلىپ، بىزنى تەبرىكلەشلىرى ۋە قوللاشلىرى، كۆز-
لىرىمىزنى ياشارتتى ۋە بىزگە ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن زور قۇۋۋەت
ۋە جاسارەت بېغىشلىدى.

«شەرقي تۈركىستان ئاۋازى» تۈركىيەمىزنىڭ سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغىمۇ بېرىپ يەتتى. بۇ دەرتمەن قېرىنداشلىرىمىز، مۇنداق بىر ژۇرنالنىڭ چىقىشىنى خۇددى بايرام خۇشاللىقىدەك قارشى ئېلىشماقتا.

بىرىنچى سانىمىزدا كەتكۈزۈلگەن بەزى بىر تېخنىكا جەھەتتىكى خاتالىقلارنى قولىمىزدىن كېلىشىچە تۈزىتىشكە كىرىشتۇق. شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىن كەلگەن تەنقىدلەرنى مەمنۇنىيەت بىلەن قارشى ئېلىپ، كۆرسىتىلگەن كەمچىلىكلەرنى تولۇق تۈزىتىشكە كىرىشتۇق. بىرىنچى سانىمىزدا ئۈچ خىل تىلدا ژۇرنال چىقىرىشنىڭ ئىنتايىن قىيىن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدۇق. رەسمىي ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ كۆپ بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. لېكىن بۇ خىل قىيىنچىلىقلار ۋە زىددىيەتلەر سىز مۇشتىرىلىرىمىزدىن ئالغان سەمىمىي خەتلەر بىلەن ئۇنتۇلىدۇ ۋە بىزگە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ.

«شەرقي تۈركىستان ئاۋازى» ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، ئادەمدەك ياشاشنى خالايدىغان ۋە بۇ يولدا ئىككى ئەسىردىن بېرى قان تۆكۈۋاتقان نەسلداشلىرىمىزنىڭ ئەلەملىك ئاۋازىدۇر. تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتساق ئاسارەتتە قالغان ۋە ياتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بوغۇلۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ جان تالىشىش پەريادلىرىدۇر. بىز بۇ پەريادلارنى ئەزىز تۈركىيەمىزگە، ئىسلام دۇنياسىغا، ئادەملەرنىڭ ھۆر ياشاۋاتقان مەملىكەتلەرگە بىلدۈرۈشنى «ئانا يۇرتىمىز»غا ئونۇتۇشنى خالايمىز.

دۇنيانىڭ ئەڭ چەت ياقىلىرىدا ياشاۋاتقان ئەڭ ئىپتىدائىي قەبىلىلەرگىمۇ ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق شەربىتى بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تارىختا ئۇلۇغ دۆلەتلەرنى قۇرغان، پارلاق مەدەنىيەتلەرنى

ياراتقان مېنىڭ مىللىتىم، 21 - ئەسىرنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپمۇ ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم ھالدا ياشاۋاتماقتا.

ئاسارەتكە ۋە ياتلارنىڭ ئېزىشىگە چىدىماستىن قېچىپ كېتەلىگەن ئەسلىداشلىرىمىز، تۈرلۈك مەملىكەتلەردە تارقاق، باشپاناسىز ۋە ئالاقىسىز ھالەتتە ياشاۋاتىدۇ. قېچىپ كېتەلمىگەن مىليونلارچە ئەسلە-
دىشىمىز كوممۇنىزم دىكتاتۇرلۇقىنىڭ چىدىغۇسىز بېسىمى ئاستىدا ھا-
زىرغىچە ئىڭرىماقتا.

مىللىي غورۇرىمىز تۈپەيلىدىن ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كۆپ قان تۆكتۇق، كۆپ جانلارنى بەردۇق. بىلگە قاغاننىڭ ئورخۇن ئابىدىلىرىگە يازغۇزغىنىدەك: «قېنىمىز سەل بولۇپ ئاقتى ... سۆ-
ڭەكلىرىمىز تاغدەك دۆۋىلەندى ...». ئەمدى تۆكۈدىغان قان، بېرى-
دىغان جان قالمىغاندىن كېيىن، ھەققانىيەتسىز كۈچلەرگە بويۇن ئې-
گىشكە مەجبۇر بولدۇق.

ئەقىلگە مۇۋاپىق بارلىق ماددىي ئىمكانلاردىن يوقسۇنمىز، ئاللاغا شۈكرى، مەنىۋى روھىمىز ۋە ئىمانىمىز كامىلدۇر. سىز تۈر-
كىستانلىق دوستلىرىمىزنىڭ، دىنداشلىرىمىزنىڭ ھىممەتلىرى ۋە قوللاشلىرى سايىسىدە بىز باشلىغان بۇ مەدەنىي كۈرەشتە غەلىبىگە ئېرىشىمىز ۋە بىر كۈنى غەربىي تۈركىستان، شەرقىي تۈركىستان ۋە بارلىق ئەسىر تۈرك ئەللىرىنىڭ ئازادلىقىنى ھەممىمىز بىللە تەبرىكلەي-
مىز. «غەيرەت بىزدىن، تەۋپىق ئاللادىن!»

ژۇرنىلىمىزنىڭ چىقىشىنى تېلېفون - تېلېگىرامما بىلەن، خەت بى-
لەن، ئۆزى كېلىپ تەبرىكلىگەن بارلىق دوستلىرىمىزغا بۇ يەردە تۇ-
رۇپ رەھمەت ئېيتىمىز. مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

ئۇندىن باشقا سىرتتىكى تۈركلەرنىڭ بىردىن - بىر ئۈمىدى، ياشاش سەۋەبى ۋە باشپاناسىز بولغان، ئەزىز تۈركىيەمىزنىڭ مىللەت

ۋە دۆلەت ھالىتىدە مەڭگۈ گۈللەپ - ياشنىشىنى جانابى ئاللادىن تە-
لەيمەن ، دۆلەت چوڭلىرىغا ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىمەن .

# ئۈچىنچى قەدەم

ئەيسا ئالىپتېكىن

( ئەيسا گۈرۈھىنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئارىسىغا كىرگۈزگەن « شەر-
قىي تۈركىستان ئاۋازى » ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىلى 3 - سانىدىن ئې-
لىندى ) .

« شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى » قولىڭىزدىكى بىر سانى بىلەن
ئۈچىنچى قەدەمنى ئاتقان بولدى . ئۇنىڭ يېڭى مېڭىشقا باشلىغان بىر
گودەكتەك ئاتقان ھەر بىر قەدىمى بىزلەرنى خۇشاللىق ۋە غۇرۇرغا
غەرق قىلماقتا . يۆتىلىشىپ كېتىشتىن ۋە يىقىلىپ چۈشۈشتىن بىر ئا-
تا شەپقىتى بىلەن ئەندىشە قىلىپ يۈرەكلىرى تىترىمەكتە .

ھەر قەدەمدە تېخىمۇ چوڭىيىش ۋە تېخىمۇ چاپسان چوڭ قەدەملەر
تاشلىشى ، تۈركلۈك ، ئىسلاملىق ۋە ئىنسانلىق ھېسلىرى تولۇپ تاش-
قان يۈرەكلەردە ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەممىمىز بىر كۆ-
ڭۈلدە دۇئا قىلماقتىمىز .

2 - سانىمىز كېچىكىپ چىقتى . بۇ كېچىكىش ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى
بىر قات ھوزۇرسىز قىلغان بولسا ، بىزنى مىڭ قات راھەتسىز قىلدى .
ژۇرنىلىمىزنىڭ كېچىكىپ چىقىشىدىكى بىرىنچى سەۋەب تەرجىمان يېتەر-
سىزلىكى . ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىنگلىزچە ، ئەرەبچە تەرجىمىسىنى قىلىۋات-
قان قەدىرلىك دوستلىرىمىز ئۆز ئىشلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قو-
يۇپ ، پۈتۈن ۋاقتىنى تەرجىمە ئىشلىرىغا بەرگەن بولسىمۇ ، ۋاقتىدا

ئۈلگۈرتەلمەيۋاتىدۇ. شەرتلىرىمىز چەكلىك بولغاچقا، ھازىرغىچە پۇل چىقىرىپ باشقا تەرجىمانلارنى تەكلىپ قىلىشتىن ئاجىزمىز.

قولىمىزدا بار بولغان بارلىق ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ، بۇ ژۇرنالنىڭ ۋاقتىدا چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىمىز.

1 - ، 2 - سانلىرى ئىسلام دۇنياسىغا ۋە ھەر قايسى ئەللەرگە يېتىپ باردى. «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» يېتىپ بارغان ھەممىلا يەردە ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىندى ۋە ياخشى تەسىر قوزغىدى. تۈركىيە ئىچىدە بەكمۇ ياخشى قارشى ئېلىنغان بۇ ژۇرنال بەلەن مەزلۇم ۋە مەھكۇم شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلارنىڭ ئىستىقلال ۋە ھۆررىيەت تۈيغۇلىرىنى جانلاندۇرۇش ۋە بۇ يولدا ماددىي - مەنىۋى كۈچلىرىمىزنى سەپەرۋەر قىلىش — بىزنىڭ شوئارىمىز.

ئوقۇغۇچىلىرىمىز ۋە مۇشتەرىلىرىمىز شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ ژۇرنالنىڭ چىقىشى، بىر مۇنچە پىداكارلىقلارغا تايانماقتا. ھازىر قولىمىزدا كۆپ سەرمايە بولمىغىنىدەك، ئارقىمىزدىمۇ چوڭ سەرمايەدارلار يوق. بىز ئالدى بىلەن جانابى ئاللاغا، ئۇندىن قالسا سىز مۇھتەرەم قىممەتلىك مۇشتەرىلارغا، دوستلىرىمىزغا، دىنداشلىرىمىزغا ئىشىنىپ يولغا چىقتۇق. ئاللانىڭ ۋە سىزلەرنىڭ ياردىمىڭىزلار تۈپەيلىدىن ئونلارچە، يۈزلەرچە سان چىقىرالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمىز.

قولىمىزدا نەشرگە ھازىرلانغان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك كىتابلار بولسىمۇ، ماددىي ئىمكانسىزلىقلار تۈپەيلىدىن نەشر قىلالمىدۇق. ئىنشائاللا بۇ كىتابلارنىمۇ ئاللانىڭ مەرھەمىتى ۋە سىزلەرنىڭ ياردىمىڭىزلار بىلەن نەشردىن چىقىرارمىز.

ئەزىز قېرىنداشلىرىم:

شەرقىي تۈركىستان بۈگۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن

يوقۇلۇش خەۋپى ئالدىدا تۇرماقتا. قىزىل خىتاي بىر تەرەپتىن ئەزىز تۈركىيىمىز بىلەن دوستلۇق ئورنىتىش ئۈچۈن، دوستلۇق دولىنى ئۇزۇتۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستانغا مىليونلاپ خىتايلارنى ئېلىپ كىرىپ يەرلەشتۈرمەكتە ۋە مۇقەددەس ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ۋە بىزنىڭ يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستاننى بىر خىتاي زېمىنى ھالىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، بەزى ۋىجدانسىز، ئېغىزدا شەرقىي تۈركىستانلىق ئادەملەر ۋاسىتىسى بىلەن تۈركىيىدە تۇرۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك قىلماقتا. قانداقلا بولمىسۇن بىز ئاللاغا ئىشىنىمىز. ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۆررىيەتكە ئېرىشىدىغانلىقىغا، ئىستىقلالنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئەسىر تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنى پۈتۈن دۇنيا قوللىماقتا. جانابى ئاللامۇ ھەر ئان بىز بىلەن بىللە!

## شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەت

ئامىل ئابدۇللا

بېيجىڭدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە بولغان جۇڭگو ھاۋا يوللىرى ۋە بېيجىڭدىن كورلا شەھىرىگىچە سوزۇلغان تۆمۈر يول ئارقىلىق ھەر كۈنى ئارقا - ئارقىدىن سەپەرلەر قىلىپ تۇرسىمۇ، شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان زىيارىتىم بەكمۇ ئازابلىق بولدى.

بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەم، بۇ كۈنلەردە ئىچكىرىدىن شەرقىي تۈركىستانغا ئىنتايىن كۆپ خەنزۇ كۆچمەنلەرنىڭ ئېقىپ كېلە-

ۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. جۇڭگودىن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىل-
گەن بۇ خەنزۇ كۆچمەنلەر تۈركۈمى «دېھقان» نامى بىلەن چۆللەر-
گە، شەھەر ئەتراپلىرىغا، تاغ ئېتەكلىرىگە يەرلەشتۈرۈلمەكتە. بۇ
ئەھۋالدا ئانا يۇرتىمىزغا 20 مىليوندىن ئارتۇق خەنزۇنىڭ يەرلەشتۈ-
رۈلگەنلىكى راست ئىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كەلدىم.

تۇغقانلارنى كۆرۈش، ۋەتىنىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، شەر-
قىي تۈركىستانغا كەلگەن تۈركلەرگە «ئېچىلمىغان رايون»، «چېگرا
رايون»، «كىرىشكە بولمايدىغان را.ون» دېگەندەك باھانىلار بە-
لەن قۇرۇقلۇق يوللىرىدىن مېڭىشقا رۇخسەت قىلماسلىقى، مۇشۇنداق
ئەھۋاللار ئاستىدا ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەتتا ساياھەت قىلىش ئۈ-
چۈن شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن چەت ئەللىكلەرنىڭمۇ پويىز ۋە ما-
شىنىلاردا ساياھەت قىلىشلىرى مۇمكىن ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى
قىزىل جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئومۇمىيۈزلۈك خەنزۇ
كۆچمەنلەرنى يەرلەشتۈرگەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئايروپىلاننىڭ پەنجىرىسىدىن قارىغىنىمىزدا يۇرتۇمنىڭ ھەممىلا
يېرىدە تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئەسكەرلەر، ئەسكىرىي ئىنشائاتلارنى
كۆرمەسلىك مۇمكىن ئەمەس. شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۇرغۇن رايونلى-
رىغا خەنزۇلاردىن باشقىلارنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن. بۇ چەكلەنگەن
رايونلار، ھەربىي ئايرودروم، ئاتوم قوراللىرىنى سىناق قىلىش رايو-
نى، قورال ئىسكىلاتلىرى بىلەن تولغانلىقى مەلۇم.

ئاتوم سىناقلىرى قىلىنغان تەكلـ.اكان چۆلى ئەتراپىدىكى شە-
ھەرلەردە ۋە باشقا خەلق ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، بۇگۈنگىچە
كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاغرىقلارنىڭ كۆرۈلگەنلىكى ئېنىق. نۇرغۇنلىغان
ئادەملەرنىڭ بۇ رايونلاردا چىقىدىغان مېۋىلەرنى يەپ زەھەرلەنگەن-
لىكى كۆرۈلگەن.

لىي مۇسۇلمان يوق بولدى.

بارلىق خەلق كوممۇنالارغا كىرگۈزۈلدى. كوممۇنا زامانىسىدا
ئۆيلەردە تاماق ئېتىش چەكلەندى، ھەر مەھەللىدە، ئەمگەك مەيدان-
لىرىدا ۋە تۈرمىلەردە ئوخشاشلا بىر قازاننىڭ تامىقىنى يېيىشكە مەج-
بۇر قىلىندى. بۇ زاماندا ئون مىڭلارچە تۈركىستانلىق ئاچلىقتىن ئۆل-
دى. مىڭلارچىسى ئۆيلەردە ئازراق بىر نەرسە پىشۇرغانلىقى ئۈچۈن
تۈرمىلەرگە تاشلاندى ۋە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. يەنە شۇ زا-
مانلاردا مەھەللىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىگىز مۇنارلار ياسىلىپ، قايسى
ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىققانلىقى تەكشۈرۈلگەن، ئىس چىققان
ئۆينىڭ ئىگىلىرى تۇتۇلۇپ قاتتىق جازالانغان. قىش ئايلىرى دەھ-
شەتلىك سوغۇق بولىدىغان شەرقىي تۈركىستاندا، قىشتا ئوت يېقىش-
تىن قورقۇپ ئورغۇنلىغان ئۆيدىكى باللار توڭلاپ قالغان، بىر مۇن-
چىلىرى سوغ تېگىپ ئاغرىپ ئۆلگەن.

1966 - يىلى باشلانغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» بىلەن جۇڭگو-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ مىللىي سەن-
ئەت، ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنىي ئىشەنچلىرى ۋە ئىبادەتلىرى زەربە-
گە ئۇچرىغان. ئون يىل داۋاملاشقان بۇ ئىنقىلاب جەريانىدا زىيان
تارتقان يەنىلا خەنزۇلار بولماستىن، ئۇلارنىڭ ئاسارىتى ئاستىدىكى
مىللەتلەر، بولۇپمۇ تۈركىي مىللەتلەر ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەتلىرى
بىلەن يوقۇلۇشقا يۈز تۇتقان. ھەتتا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەر - ئا-
ياللىرىغا مىللىي كىيىملەرنى كىيىش قاتتىق چەكلەنگەن. ئاياللار
چاچلىرىنى خەنزۇلاردەك كەستۈرگەن، ئەرلىرىمۇ چاچ - ساقاللىرىنى
خەنزۇچە ياسىتىشقا مەجبۇر بولغان.

بۈگۈنكى جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا بەر-
گەن چەكلىك ئەركىنلىك، دىنىي ئەركىنلىك، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈر-

كستاننىڭ بايلىقلىرىنى ئىچكىرىگە توشۇش ۋە شەرقىي تۈركستانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 20 مىليون خەنزۇغا قوشۇمچە يەنە مىليونلارچە خەنزۇنى ئېلىپ كېلىشتەك سوۋيېتچى پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «جىمغىنە يول» ئېچىشقا ئوخشاش ساختا ۋە شەكىللۋازلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

# جۇڭگو ۋە شەرقىي تۈركستان

ئەركىن ئالىپتېكىن

25 يىل ئاۋۋال 360 مىڭ تۈرك، شەرقىي تۈركستاندا ئۆلتۈرۈلگەندى.

شەرقىي تۈركستاننىڭ كېيىنكى ئىككى ئەسىرلىك ئەھۋالىنى، 18 - ئەسىردە چىياخۇينىڭ باشلامچىلىقىدىكى چوڭ قىرغىنلىق، 19 - ئەسىردە گېنېرال زوزۇڭ تاڭنىڭ باشچىلىقىدىكى قاتتىق زۇلۇم، 20 - ئەسىردە بولسا گومىنداڭنىڭ ھەققانىيەتسىزلىك ۋە ئادەم قېلىپىدىن چىققان بېسىمى بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

بۇ قانلىق سىياسەت، شەرقىي تۈركستان خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس بىر داغ، ساقايماس جاراھەت ۋە توختىماس كۆز يېشى بولۇپ ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ھەرىكەتلەر، كوممۇنىستلارنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا. شەرقىي تۈركستاندا «فېئودالىزم»، «فاشىزم» ۋە «كاپىتالىزم» ھۆكۈم سۈرگەن زامانلاردا بولغانىمىش. ئەجەبا كوممۇنىست جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركستاندا قىلغانلىرى قانداق بولدى؟ قىزىل جۇڭگو شەرقىي تۈركستان خەلقىنىڭ كېيىنكى ئىككى ئەسىر مابەينىدە تارتقان جەۋرى - جا-

پالرىنى توختاتتىمۇ؟ ئۆلتۈرۈش، زۇلۇم سېلىش ۋە ئادەم قىلمايدىغان يامان ئىشلارنى توختاتتىمۇ؟

ئەگەر بىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ كوممۇنىست جۇڭگو تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىنكى 30 نەچچە يىل جەريانىدا يۈرگۈزۈلگەن سىياسەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈدىغان بولساق، بۇ سوئاللارغا نەجابىي جاۋاب بېرىشىمىز ئىنتايىن تەس بولىدۇ.

1950 - يىلى بىرىنچى ئۆكتەبىردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنغا مەملىكەتنىڭ ھەر تەرىپىدىن ۋەكىللەر تەكلىپ قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ۋەكىللەرمۇ بار ئىدى. تەبرىكلەش مۇراسىمىدىن كېيىن ماۋ زامانىسىدىكى مىللىي ئىشلار ھەيئىتى باشلىقى لى ۋىخەن، شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچەكتىكى پىلانى ھەققىدىكى پىكىرىنى سورىغان، «ئۆز تەقدىرىڭنى ئۆزەڭ ھەل قىل» دېگەن ھوقۇقنى ئەسلا بەرمەيدىغانلىقىنى بىلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەكىللەر «شىنجاڭ» دېگەن ئىسمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا «شەرقىي تۈركىستان» ئىسمىنىڭ قويۇلۇشىنى، شەرقىي تۈركىستانغا كەڭ دائىرىلىك مۇختارىيەت بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىشقان. ۋەكىللەر بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭمۇ شۇ ئارزۇدا ئىكەنلىكىنى لى ۋىخەنگە ئېيتقان. شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىنىڭ مەسىلىنى مۇنداق قەتئىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشى، كوممۇنىست جۇڭگونىڭ باشلىقلىرىنى قاتتىق غەزەبلەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن لى ۋىخەن، بۇ مەسىلىنى كېيىنچە مۇزاكىرە قىلايلى دەپلا ئۆتكۈزۈۋەتكەن.

بۇ ۋەقەدىن بىر يىل كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئىشلار ھەيئىتى، شەرقىي تۈركىستان زىيالىيلىرىغا ئايرىم - ئايرىم

خەتلەرنى يېزىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچەك پىلانى ھەققىدە قايتا - قايتا پىكىر تەلەپ قىلغان. شەرقىي تۈركىستانلىق زىيالىيلار جاۋابلىرىدا بۈيۈك پىكىرلىرىدە قاتتىق تۇرغان. لېكىن شەرقىي تۈركىستانلىق زىيالىيلارنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى قىلچىمۇ ئېتىبارغا ئالمىغان، مىللىي ئىشلار ھەيئىتى 1952 - يىلدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ خۇلاسىسى ئورنىدا 1954 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا 5 ئاپتونوم ئوبلاستى، 6 ئاپتونوم ناھىيىسى تەشكىل قىلدى. 1955 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن نام بېرىلدى. 1957 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىننىڭ مەقسىتى، مىللىي مەسىلىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى مۇزاكىرە قىلىش ئىدى.

بۇ چاغدا جۇڭگودا «پارچە گۈللەر ئېچىلسۇن، ھەممە بەس - بەستە سايرىسۇن!» دېگەن بىر ھەرىكەت باشلانغانىدى. يەنى ھەممە ئادەم ئۆز پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، شىكايەتلىرىنى ئوچۇق سۆزلەش، رەھبەرلەر ئۆز ئىشلىرىدىكى خاتالىقلارنى بويىنىغا ئاراپ تۈزىتىش دېگەن شوئارلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، خەنزۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلغان ئىشلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلغانىدى.

يىغىنغا قاتناشقان شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەكىللەر خەنزۇلارنىڭ «شىنجاڭ» دېگەن ئىسمىنى ئۆزگەرتىشنى رەت قىلغانلىقلىرىنى، ئاپتونوم رايون قۇرۇش باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى پارچىلەۋەتكەنلىكىنى، رەسمىي يېزىقلاردا ئۈستىگە خەنزۇچە، ئاستىغا ئۇيغۇرچە خەتلەرنىڭ يېزىلىشىغا مەجبۇر بولغانلىقلىرىنى، بارلىق مۇھىم ئورۇنلارنىڭ خەنزۇلار تەرىپىدىن ئىگىلەپ ئېلىنغانلىقىنى، يەرلىك

خەلقلەرنىڭ ھېچقانداق ھوقۇقتا تەڭ ئەمەسلىكىنى، خەنزۇلارنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە 3 - تەبىقىدىكى ئىنسانلارغا قىلىنغان مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئاياغ - ئاستى قىلىۋاتقانلىقلىرىنى، ئىچكىرىدىن داۋاملىق خەنزۇلارنىڭ چىقىۋاتقانلىقلىرىنى، بۇ خەنزۇلارنىڭ مۇسۇلمان شەرقىي تۈركىستانلىق خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۋاتقانلىقلىرىنى، يەرلىك خەلقلەرنىڭ كوچىدا قالغانلىقلىرىنى، يەرلىك يارىتىش دېگەن باھانە بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى بىر ئېغىزدىن بايان قىلىشتى.

1957 - يىلى ماي ئېيىدا، جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىن كۆرۈنۈشتە يۇقىرىدىكى پىكىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مەقسىتىدە ئېچىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن زىيالىيلارنى تەنقىدلەش، سوراق قىلىش، قولغا ئېلىش ۋە جازا بېرىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ يىغىننى ئاچقان ۋاڭ ئىنماۋ «شىنجاڭدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشتۇر» دېگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىنلا ئابدۇرەھىم ئەيسا، ئابدۇرەھىم سەئىدى، ئابلىز قارى باشلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 30 - 40 - يىللاردا يېتىشتۈرگەن مىللەتچى زىيالىيسىدىن 1830 كىشىنى بىر ۋاقىتتىلا قولغا ئالغان ۋە بىردىن بىردىن يوق قىلغان. 1950 - يىلى باشلانغان يوق قىلىش ھەرىكىتى 1972 - يىلى دېكابىرغىچە داۋام قىلغان. بۇ جەرياندا 603 مىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق يوق قىلىنغان.

# «شىنجاڭ» دېگەن ئىسىمغا يۈز يىل

ئىغلىل قۇربان

1877 - يىل 29 - ماي كۈنى ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق
كۈرىشىنىڭ رەھبىرى ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمى ئالدىدا ، خەنزۇلارنىڭ
ئۆچ ئېلىش غەزىپى دەھشەتلىك ھالدا داۋام قىلىۋاتاتتى. ياقۇپ
بەگنىڭ 60 مىڭ ئەسكىرىدىن پەقەت 10 مىڭىلا پەرغانىگە قېچىپ كېتە-
لىگەن ئىدى. باشقىلىرى قىرىلىپ تۈگىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن زوزۇڭ-
تاڭ قوماندانلىقىدىكى خەنزۇ قوشۇنلىرى ياقۇپ بەگ ئۆلۈپ بىر يىل-
دىن كېيىن 1878 - يىلى 16 - ماي كۈنى شەرقىي تۈركىستاننى پۈ-
تۈنلەي ئىشغال قىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ 1877 - ،
1865 - يىللىرى ئارىلىقتا ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقلار بىلەن جان ھې-
سابىغا ، كېلىشمەلەر بىلەن ۋە چېۋەرلىك بىلەن قولغا كەلتۈرگەن شەر-
قىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئاخىرلاشتى.

مەملىكەت 1882 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خەنزۇ قوشۇنلىرى تەرىپى-
دىن ئىدارە قىلىندى. 1884 - يىلى 18 - نويابىردا ، خەنزۇ ئىمپېرا-
تورىنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن بۇ دىيارنىڭ ئىسمى ، جۇڭگونىڭ 19 -
ۋىلايىتى — يېڭى زېمىن مەنىسىدىكى «شىنجاڭ» غا ئۆزگەرتىلدى.
مانا شۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردىن بېرى يۈرەكىمىزگە خەنجەردەك ساپلان-
غان بۇ «شىنجاڭ» دېگەن سۆزنى بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھەر
قېتىم ئاڭلىغىنىمىزدا ، ۋەتىنىمىزنىڭ شۇ ئېچىنىشلىق ئۆتمۈشى ئەقلىمىز-
دە خۇددى بىر قارا كۆلەڭگۈ ، ئېچىمىزدە بىر خىل ئاغرىق بىلەن جان-

لىندۇ. شۇنداق قىلىپ يۈز يىلدىن بېرى «شىنجاڭ» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئىپادىلەنگەن بۇ ئىككى تەقدىر ئوتتۇرىسىدا «ئىز-لۇم - كۆرۈم» كۆرۈشنى قىلماقچىمىز.

كوممۇنىستلار شەرقىي تۈركىستانغا دەسلەپ كەلگەندە، ئۇلار-نىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئالدىنىپ، بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز بۇ نەپرەت-لىك «شىنجاڭ» سۆزىنىڭ تاشلىنىپ، ئورنىغا يۇرتىمىزنىڭ ئەسلى ئىسمى «تۈركىستان» ياكى «ئۇيغۇرىستان» سۆزىنىڭ قويۇلۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. دەل شۇ چاغدا تەشكىل قىلىنغان 51 لەر جەمئىيىتى بۇ ئۈمىدنىڭ ئىپادىسى ئىدى. كوممۇنىستلارنى ياخشى نىيەت ۋە ياخشى تىلەكلەر بىلەن قارشى ئالغان بۇ زىيالىيلىرىمىز ئۇزۇن ئۆت-مەستىن زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇلار، قۇلاقلىرىغا ياخشى ئاڭلانغان تەشۋىقاتلارنىڭ تېگىدىكى ئىمپېرىيالىستىك غايىلەرنى بىلمىگەنلىكتىن ئۇچرىغان بۇ پالاكەتنىڭ ئاچچىقىنى تۈرمە ۋە لاگېرلاردا تارتتى. ھا-ياتلىرىمىز شۇ يەرلەردە تامام بولدى.

مەلۇمكى كوممۇنىستلار قەدىمكى كىلاسسىك مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن تەڭ، ئۇلارغا قالدۇرۇلغان مىراسلارنى قەدەممۇ - قەدەم ئەگىلىپ، باشقىلارغا تېڭىشتا، قا-نۇنلاشتۇرۇشتا تىرىشتى. مەسىلەن: جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن، جازالاش ئىسپاتلىرى دەپ خەلققە جاكالانغان تۆۋەندى-كى دىئالوگ ئىنتايىن كۈلكىلىك،

1955 - يىلى، جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇي-غۇر ئاپتونوم رايونى» نىڭ قۇرۇلۇشىنى قارارلاشتۇرغان چاغدا، ماۋزېدۇڭ سەيپىدىنگە:

قۇرۇلماقچى بولغان بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسمىنى نىمە دىسەك بولار؟ دېگەن

سەيپىدىن.

— ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دېيىشتىن باشقا نېمە دەيمىز؟

ماۋ:

— خوپ، ئۇ چاغدا «شىنجاڭ» دېگەن سۆزنى نەگە ئاپىرىمىز؟ بۇ چاغدا بېرىلگەن جاۋاب مەخپىي. ئەمما سەيپىدىن بۇ سۆھبەتتىن كېيىن ئۇزۇن زامان ئۆز خىزمىتىنى تىلەپ كەلدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، سەيپىدىن «ئۆزىڭىز بىلىڭ» ياكى «ئۇلۇغ خەنزۇ مىللىتى ۋە سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىز بىزنىڭ ئۈچۈن ھايات ۋە بەختتۇر» دېيىش بىلەن بۇ تەھدىت سالغۇچى سۆھبەتتىن ئامان ئېسەن قۇتۇلغان بولدى. قانداقلا بولمىسۇن خەنزۇ ئىمپېراتورىنىڭ ۋەسىيتى بولغان مۇقەددەس سۆز، ئۇلۇغ ئالىم، داھى ماۋنىڭ گېپى بىلەن «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» دېگەن ئىسمىنىڭ بېشىغا قويۇلدى.

1977 - يىلىغا كەلگەندە سەيپىدىنگە ھاجەت چۈشمەس بولدى. ئۇنىڭ ئورنىدىن چۈشۈش لازىم بولۇپ قالغان يېڭى ۋەزىيەتتە بۇ دىئالوگ خەنزۇلارنىڭ ئىشىغا ياراپ قالدى. گوياكى شۇ: «سەيپىدىن ئەزەلدىن شىنجاڭ دېگەن سۆزدىن ئېچىش بىلەن بىزنىڭ رەھبەرلىكىمىزدىن ئۆزىنى تارتقاندى.».

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭ سۆزىنىڭ ئىستېمالىنى خالىماسلىق بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشىنىمۇ خالىمىدى. بۇ سۆزنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى دەپ ئويلاپ، خۇددى ئۇ سۆزدىن ئايرىلىپ قالسا، شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك قورقىدۇ. ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىدىيە ۋە مەنتىقىلەردە شۇنچىلىك ئاجىزكى، بۇ مەسىلىدە «سۆغا چۈشكەن يىلانغا ئېسىل» دېگەنگە ئوخشاش «شىنجاڭ» دېگەن سۆزگە ئېسىلىشتىن باشقا چارىلىرىمۇ يوق. شۇ سەۋەبتىن خەنزۇلار، شەرقىي

تۈركىستاننى ئىدارە قىلغاندا، ئەڭ پەللىگە چىققان سىياسىي ئويۇنلار ۋە قاتىللىقلارغا، ئەڭ ۋەھشىي تۇغۇتنى چەكلەش ئۇسۇلىغا ۋە قوراللىق كۈچلەرگە تايانماقتا. باشلىقلار «تۈرك»، «تۈركىستان» دېگەن سۆزلەرگە قارشى ئىنتايىن ھوشيار ۋە شەيتاننىڭ بىسمىللادىن قاچقىنىدەك قېچىشىدۇ.

«ئاپتونوم رايون» دېگەن شەكىل ئۈچۈندۇر. ئەسلىدە بۇ شەكىل «ئاپتونوم رايون» نىڭ جۇڭگونىڭ 30 مەمۇرىي رايونىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق. بۈگۈنگىچە بىر مۇنچە كوممۇنىست مىللىيلارنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا باشلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشنى سىناق قىلىشتى. لېكىن بۇ تاللانغان ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ياخشى كۆرۈشمىدى. ھەتتا ئۆز مىللىتى تەرىپىدىن «مىللىي خىتاي» دەپ ھاقارەتلەنگەن سەيپىدىنمۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن «يەرلىك مىللەتچى» دەپ جازالاندى. شۇنداق قىلىپ كوممۇنىستلارنىڭ ئەمەل ۋە يالغان سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كۆزى قىزارغان بىر قىسىم ئادەملىرىمىزنىڭ ھاياتىمۇ 1933 - يىلدىن ھازىرغىچە ھېچقانداق ئۆزگەرمەستىن ئەينى يولدا داۋام قىلىپ، ئەينى نەتىجە بىلەن تۈگىمەكتە. جازالاش، ئۆلتۈرۈش بىلەن يىلتىزلىرىنى قۇرۇتماقتا. شۇنداق، شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىۋاتقان بۇ پاجىئەلىك تەقدىرى، يۈز يىل بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋۇجۇدىدا ھاسىل بولغان «شىنجاڭ» دېگەن ئاغرىقنىڭ ئاخىرىدۇر.

# كونا دوست، كونا دۈشمەن

ئەخمەت كاباكلى

جۇمھۇرىيەت رەئىسىمىز كەنان ئەۋرەننىڭ ئۆتكەن يىلى قىلغان زىيارىتىگە جاۋابەن مەملىكىتىمىزگە كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسى لى شەننىيەن، بىزنى، بىر مىللەت ھالىتىدە ئېتراپ قىلغان «تۈنجى قوشنا» ھەققىدە ئويلاشقا مەجبۇر قىلدى.

ھەقىقەتەن جۇڭگو بىلەن تونۇشۇشىمىز تارىخىي جەھەتتىن شۇنچىلىك كونا، ھەم شۇنچە يېقىندۇر. جۇغراپىيىۋى جەھەتتىن ئالغاندىمۇ يەنىلا ئىككى قۇتۇپچىلىك يىراق، لېكىن «چېگرا قوشنىمىز» دېگىچىلىك يېقىندۇر.

تۈرك دۇنياسىنىڭ مۇھىم بىر ئۈچى تېخىچە سەددىچىنگە قارىماقتا. يەنىلا ئىرقىمىزنىڭ گۈزەل بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر تۈركلىرى، مىلادىدىن بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ھازىرمۇ جۇڭگولۇقلەر بىلەن تارىخىي ۋە ئەمەلىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. كۆچمەن ۋە يەرلىك تۈركلەرنىڭ تۈنجى قېتىم تونۇشقان يەرلىك ۋە قەدىمىي مىللەتنىڭ جۇڭگولۇقلار بولۇشى، بۇ ئىككى مىللەتنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى تونۇشلىرىغا ۋە بىلىشلىرىگە سەۋەب بولغان.

بۇ ئەھۋال ئاستىدا تەبىئىي ھالدىلا ئەڭ كونا دوستىمىز ۋە ئەينى زاماندا ئەڭ كونا دۈشمىنىمىز جۇڭگولۇقلار (خەنزۇلار) بولۇپ قالغان.

يىراق شەرقنىڭ داستانلاشقان تارىخى، تۈركلەر بىلەن جۇڭگو-

لۇقلارنىڭ تۈگەس - پۈتمەس ئۇرۇشلارنى قىلغانلىقلىرىنى ... جۇڭگولۇقلارنىڭ بەزى تۈرك قەۋملىرىنى ھىيلە ۋە زورلۇق بىلەن يوقاتقانلىقلىرىنى ... تۈركلەرنىڭ ھەم كۆپ ھاللاردا ئۇرۇقلۇق جۇڭگوسىنى بېسۋېلىپ، ئىشغال قىلىپ ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئەبەرھارتنىڭ تەتقىقات ماتېرىياللىرى، جۇڭگولۇق دەپ ئاتالغان بىر مۇنچە ئىدىئولوگ، سەنئەتچى ۋە سىياسىيونلارنىڭ تۈرك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا ۋە بىر مۇنچە خەنزۇ ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭمۇ، تۈرك ۋە موڭغۇل ئادەتلىرىدىن ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەلۇمكى، يەرلىك جۇڭگولۇقلار (خەنزۇلار) قەدىمكى دەۋرنىڭ «يەتتە مۆجىزىسى» دىن بىرى ھېسابلانغان سەددىچىن سېپىلىنى تۈرك قوشنىلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن سالدۇرغان. خۇددى سەددىچىنگە ئوخشاش، بىلگە قاغاننىڭ تۈرك قەۋمىگە قىلغان نەسىھىتىمۇ مىللىتىمىزنىڭ جۇڭگولۇقلارغا قارشى مەنىۋى مۇداپىئەلىنىش قالقىنىدۇر.

«جۇڭگو ئەرمى ھېلىگەر، قۇۋ بولغانلىقى ئۈچۈن ... بەگلەر بىلەن تۈرك قەۋمى ئوتتۇرىسىدا ئايرىمچىلىق بولغىنى ئۈچۈن ... دۆلەتلىك ۋە قاغانلىق تۈرك مىللىتىنىڭ ۋە تىنى ئاجىزلىشىشقا باشلىغان ... تۈركلەرنىڭ ئېسىل ئوغۇل ئەۋلادلىرى جۇڭگولۇقلارغا قۇل، ساپ قىز ئەۋلادلىرى دېدەك بولغان»، ئۇلار «تۈرك قەۋمىنى ئۆلتۈرەيلى، نەسلىنى قۇرۇتايلى» دېگەن. بارغان يېرىڭدە، قولغا كەلتۈرگىنىڭ شۇ بولدى: «تېنىڭ سۇ بولۇپ ئاقتى، سۆڭىكىڭ تاغدەك دۆۋىلەندى».

تۈرك مىللىتىگە، بولۇپمۇ ئانا ۋەتەن (ئۆتۈكەن) دىن ئايرىلماسلىقنى، «جۇڭگولۇقلارنىڭ تاتلىق سۆزلىرىگە ۋە يۇمشاق سوۋغاتلى-

رىغا ئالدانماسلىقنى نەسىھەت قىلغان بۇ كول - تېگىن كىتابەسى ،
731 - يىلى يەنى 1250 يىل بۇرۇن تاشقا ئويۇلغانىدى .

بۈگۈن دۇنيا قارايدى ۋە ئۆزگەردى . تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىرتىدىكى تۈركلىك تارقاق ، دۆلەتسىز ۋە كۆپ يەرلەردە ئەسىر ھالىتىدۇر . نوپۇسى بىر مىلياردتىن ئاشقان بارغان جۇڭگو ۋە 250 مىليونغا يەتكەن سوۋېت رۇسىيىسى ، ئاساسىي تۈرك قەۋملىرىنىڭ مۇستەقىل ، ئەركىن ۋە تەنلىرىگە قول ئۇزارتقانىدى .

بىز 8 - ئەسىردىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدەك بولسىمۇ جۇڭگو مىللىتىنى ، دوستلارنى ئالدى بىلەن تونۇپ ، ئاندىن كېيىن دوست ياكى دۈشمەن بولىشىمىزنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇرمىز . تارىخ بويىچە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىدىن دەرس ئالمىغىچە جۇڭگو دەپ ئاتالغان بۇ قىتئە ، بۇ بالايى - ئاپەت نوپۇس ، بۇ ئەڭ كونا دوست ۋە دۈشمەن ھەققىدە توغرا قارارغا ئىگە بولالمايمىز ۋە كېرەكلىك ئىشلارنى قىلالمايمىز .

ھۆرمەتلىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى ۋە تۆۋەندىكىلەرنى دېيىشنى خالايمەن .

بىزنى دوست كۆرۈپ كەلدىڭىز ، دوستلۇقىڭىزنى ھۆرمەتلەيمىز . لېكىن ھازىرغىچە دۆلىتىڭىزلارنىڭ مۇشتۇمى ئاستىدا خورلىنىپ ۋە يېرىم قول ھالىتىدە ياشاۋاتقان ( سىز شىنجاڭ دەپ ئاتىۋالغان ) 30 - 20 مىليون نوپۇسلۇق تۈرك مەملىكىتىنى ئۇنتۇپ قالماستىن سۆزلىشەيلى . بىزنىڭ بۇ دوستلۇقىمىز شۇ شەرتلەر بويىچە بولسۇن .

سىز ، شۇ مەدەنىي مەملىكەتنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىكىگە ، ھېچبولمىسا ھازىرچە « مۇختارىيەتنى » تولۇق بېرىڭلار . ئۇلارنىڭ باي ۋەتىنىدىن مۇستەملىكچى قولۇڭلارنى تارتىڭلار . ئۇلارنىڭ ۋەتىنىگە مىليونلارچە خەنزۇلۇنى ئەۋەتىپ ، تۈركلەرنىڭ بۇ قەدىمىي يۇرتىنى « خەنزۇلاشتۇ-

رۇش » نەپەسلىرىدىن ۋاز كېچىشلار ... مۇختارىيەتنىڭ تەلىپىگە كۆرە ، شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىگە ئادەمدەك ئويلاش ، پىكىر قىلىش ، نەشرىياتچىلىق ، ساياھەت قىلىش ۋە « مىللىيلىشىش » ھوقۇقىنى قايتۇرۇپ بېرىشلار .

ھۆرمەتلىك لى شەنىيەن ، بۈگۈن سوۋېت ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى سىلەر ۋە بىز مەنپەئەت ۋە مۇداپىئەلىنىش جەھەتلەردە بىرلىشەلەيمىز . شۇ سەۋەبتىن بىر - بىرىمىزگە ئېھتىياجىمىز چۈشىدۇ ... لېكىن دوستلۇق سەمىمىلىكنى تەلەپ قىلىدۇ ، دوستلۇق يالغۇز مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلمايدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن تۈركلەر ۋە خەنزۇلاردەك ئەڭ قەدىمكى ئىككى مىللەت بىر - بىرىگە ھەقىقىي باغلىنىشلىرى كېرەك .

چىن يۈرەكتىن باغلىنىش ئۈچۈن سىلەرنىڭ ، تۈرك مەملىكەتلىرىنى مۇستەملىكە قىلىش ، شەرقىي تۈركىستاننى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىڭلاردىن ۋاز كېچىشىڭلار كېرەك . بۇنىڭ ئىسپاتى شۇكى ، شەرقىي تۈركىستاننى ، مىللىي مەدەنىيەتتە ، تىلىنى ، تارىخىنى ئۆگىنىشتە ، ئىچكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ، قوشنىلىرى بىلەن ۋە باشقا تۈرك قەۋملىرى بىلەن سەمىمىي ئالاقىدە بولۇشتا ئەركىن قويۇپ بېرىشتۇر .

جۇڭگونىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىقتىسادىي بازار ئىكەنلىكىنى بىلىمەن . يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىمىزنى ۋە بەزى سانائەت بۇيۇملىرىمىزنى سىلەرگە سېتىشىمىز پايدىلىق بىر ئىش . بىزنىڭمۇ سىلەردىن سېتىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن نەفىس ، ئىنتايىن چىرايلىق ، ئەشيالىرىڭلار ، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىڭلار بولۇشى مۇمكىن .

بىراق ھۆرمەتلىك لى شەنىيەن ، تۈرك مىللىتىنىڭ ھەر قاندىقى ۋە مىللىي ئائىلىگە ئىگە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن ھۆكۈمەتلىرى سىلەرنىڭ كۆپ نوپۇسلۇق دۆلەتلەرگە ساتىدىغان ، مەسىلەن : شۇنچە

لىك تونىنا مېغىز ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ 2 - 3 مىڭ يىلدىن بېرى، ئايرىم ئۆز - ئۆزىگە غوجا ئېسىل سۈپىتى بىلەن قالغان پاك تۈرك خەلقىنى سېتىشقا ھەرگىز رازى بولمايدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننى تۆمۈر پەردە ئارقىسىدىن چىقىرىپ دۇنياغا ئاشكارا قىلىڭلار. بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىسلام ۋە تۈرك دۇنياسى ئالدىدا، بۇ مەسىلىنى نىقابلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولماستىن، بۇ پەزىلەتنى چىن كۆڭلىڭلەردىن كۆرسىتىڭلار. سىلەرنىڭ جان دوستىڭلار بولۇشنى، شۇنداق قىلساڭلار بىزمۇ چىن دىلىمىزدىن خالايمىز.

# « سېرىق تەھلىكە »

ئەرگەن كۈن كۆك بايراق

شەرقتە ۋە غەربتە كەڭ تارقالغان « سېرىق تەھلىكە » سۆزى ھازىرغىچە ئىشلىتىلمەكتە. بۇ سۆزلەرنىڭ ۋە بۇ ئىدىيىنىڭ ئارقىسىدا قانچىلىق ھەقىقەتنىڭ بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن مەسىلىنى ئوبيېكتىپ بىر كۆز قاراش بىلەن تەتقىق قىلىپ كۆرەيلى.

خەنزۇ مىللىتىنىڭ تارىخى خاراكتېرىستىك خۇسۇسىيەتلىرى:

1 - خەنزۇ مىللىتىنى چەت ئەللىكى ھەر خىل تەتقىقاتچىلار مۇنداق تەرىپلەيدۇ: خەنزۇلار ئومۇمەن سۇيىقەستچى، ھىيلىگەر، شەخسىيەتچى، ھەسەتخور، شەپقەتسىز ۋە شوۋىنىست، شۇنداقلا بۇ مىللەتنىڭ سوقۇلۇپ كىرىش تارقىلىق، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش قابىلىيىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدۇ.

2 - خەنزۇلار، ئۆزلىرىنى بارلىق مىللەتلەردىن ئۈستۈن كۆرگەن-

ملىكى ئۈچۈن ۋە ئۆزىنى بارلىق مىللەتلەرنىڭ خوجايىنى دەپ ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، باشقا ھەر قانداق مىللەتتىن نەپرەتلىنىدۇ.

3 - خەنزۇ مىللىتى ئۆزلىرىگە «جۇڭخۋا» دېگەن ئىنۋاننى بەرگەن. بۇنىڭ مەنىسى «مەركىزىي دۆلەت» بولۇپ جۇڭگو دۆلىتىنى پۈتۈن دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ مەركىزىي ھېسابلايدۇ.

4 - خەنزۇ مىللىتى باشقا مىللەتلەرگە ئىسىم قويغاندا، ئىنتايىن سەت مەنىلەردىكى خەتلەرنى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: تارىختىكى ھۇن تۈركلىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە «شۇڭ - نۇ» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ۋەھشىي قۇل» دېمەكتۇر.

5 - خەنزۇ مىللىتى تارىختا ھەر قانداق سەۋەب بىلەن بولمىسۇن، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئۈچۈن بولمىسۇن بىر قېتىم كىرىۋالغان مەملىكەتنى شۇ زامان ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. - دە ئۇ يەرنى ئۆز مۈلكى دەپ قارايدۇ ۋە ئۇ يەردىن ئىككىنچىلەپ چىقىشنى زادىلا خالىمايدۇ، ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇ مەملىكەتنىڭ خەلقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى ۋە يېرىنى ئىشغال قىلىۋېلىشنى خالايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ جۇڭگو تارىختا «خۇاشىي» دەپ ئاتالغان سېرىق دەريانىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەنكى ۋادىلىرىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، مۇناسىۋەت قىلغان قوشنىلىرى جاۋ، غەربىي جاۋ، يەن، جەنۇبىي لياڭ، غەربىي لياڭ، شەرقىي ۋېي، شىمالىي ۋېي، غەربىي ۋېي، شىمالىي جۇ قاتارلىق خەنزۇچە ئىسىم قويۇۋالغان تۈرك نەسىللىك بىر مۇنچە مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلغان ۋە 1600 - يىلى شەرقىي ۋە شەرقىي - جەنۇب رايونلىرىغا ئاستا - ئاستا تەسىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئارىدىن ئۆتكەن 5 . 3 ئەسىر ئىچىدە بىر مىلياردلىق زور كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەرنى شەرقىي ۋە شەرقىي - جەنۇب جۇڭگو دېڭىزىدىكى ئاراللارغا قوغلاپ چىقارغان. لېكىن بۇ

مىللەتلەرنىڭ ۋەتەنلىرىنى ئۆز يەرلىرىگە قوشىۋالغان. مۇشۇنداق قىلىپ جۇڭگو تارىختا غەربىي تۈركىستاننى، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان بەدەخشان رايونىنى، كەشمىرنىڭ خونزا، گىلگىت، بالتىستان ۋە لاداق رايونلىرىنى، تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ئىچكى موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت قاتارلىق يەرلەرنى، شۇنداقلا شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ھىند دېڭىزلىرىدا كائىن ۋە تايلاند، ۋيېتنام، لائوس، كامبۇدژا قاتارلىق مەملىكەتلەردىن بەزىلىرىنى تاڭ ۋە ماڭ سۇلالىلىرى، بەزى-لىرىنى مانجۇ سۇلالىسى زامانىسىدا بىر نەچچە قېتىم بېسىۋالغان ۋە بەزىلىرىنى جۇڭگونىڭ ھىمايىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، باج تۆلەشكە ماقۇل كەلتۈرگەن.

6 - خەنزۇ مىللىتى دەسلەپتە ھەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن بىر قېتىم كىرىۋېلىپ، قورال كۈچى بىلەن چېكىنگەن مەملىكەتلەردىن زا-دىلا ۋاز كەچمەيدۇ ۋە ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. ھەر دائىم ئېسسىيا-دىي كۆزى شۇ يەردە بولىدۇ. بىر پۇرسەت تاپسىلا ئۇ يەرنى بېسىۋا-لىدۇ.

7 - خەنزۇ مىللىتى تارىختا سوقۇلۇپ كىرىش، تارقىلىشتەك ئىمپېرىيالىست خاراكتېرى بىلەن ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتەك يۇقىرى قابىلىيىتى بىلەن ھەر دائىم مەغرۇرلىنىدۇ. ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك جۇڭگو دۆلەت باشلىقلىرى بىلەن ئىلىم ۋە سەنئەت خادىملىرى، ھەر بىر پۇرسەتتە خەنزۇ مىللىتىنىڭ بۇ خاراكتېرىستىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ماختىنىدۇ.

8 - خەنزۇ مىللىتى تارىختا باشقا مىللەتلەرنىڭ، مەسىلەن: تۈركلەرنىڭ، تىبەتلىكلەرنىڭ، موڭغۇللارنىڭ ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلاردا مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغان دەۋرلەردە ئۇ مىللەتلەرنى

ئۆزگە پۈتۈنلەي يات مىللەت ھېسابلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۈستىدىكى ھاكىمىيەتكە قارشى ئىسيان قوزغايدۇ. لېكىن دەۋر ئۆزگىرىپ، بۇ قېتىم شۇ مىللەتنى ئۇلارنىڭ قول ئاستىغا كىرگۈزۈۋالغان ھامان، ئۇ مىللەتنى ئۆزگە يات مىللەت دەپ قارىماستىن، ئەكسىچە قېرىنداش قەبىلە، قېرىنداش ئىرقىي دەپ ھېسابلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئوچۇقدا ئىرىتىپ يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن پۈتۈن تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ.

9 - تارىختا ئىمپېرىيالىست ۋە مۇستەملىكىچى مىللەتلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىدىن ھەر قانداقى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەملىكە قىلىۋالغان مەملىكەتنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىمىغان بولسىمۇ، جۇڭگو دۆلىتى، 2 - قېتىملىق ھۇجۇم زامانىدا ۋە 1882 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسمىنى «شىنجاڭ» دەپ ئۆزگەرتتى ۋە شۇ كۈندىن تارتىپ، بۇ يەرنى مۇشۇ ئىسىم بىلەن دۇنياغا تونۇشتۇرماقتا. بىز تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت بىلەن قاراپ شۇنداق دېيەلەيمىزكى، جۇڭگو دۇنياغا ھاكىم بولۇش نىيىتىدە پالاقلاۋاتقان ئەڭ قەدىمكى قانخور ۋە ئەڭ ئىمپېرىيالىست دۆلەتتۇر.

جۇڭگو ئىمپېرىيالىزمى:

جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى ئىشغال قىلىۋېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرسى — ئىنتايىن ياخشى ستراتېگىيىلىك ئورنى بولغان بۇ يەرنى مەركىزى بازا قىلىش، بۇ يەردىن قوشنا غەربىي تۈركىستان، ئىران، ئافغانىستان، ئوتتۇرا شەرق، ئاناتولىيە، بالقانلار ۋە ئوتتۇرا ياۋروپالارنى بېسىۋېلىپ دۇنياغا خوجا بولۇشتۇر.

ئەمەلىيەتتىمۇ:

1 - جۇڭگو تارىخچىلىرى: خەنزۇلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى زامانلاردا ھىندىستان، بۈگۈنكى پاكىستان، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئادە-

ىستانىنى ئىشغال قىلىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقچى بولغانلىقىنى يازىدۇ، بىراق بەزى سەۋەبلەر بىلەن بۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئە- كەن.

2 - جۇڭگو دۆلىتى، شەرقىي تۈركىستاننى بازا قىلىپ مىلادى- دىن بۇرۇنقى 104 - يىلى 6000 ئەسكەر بىلەن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 102 - يىلى 60.000 ئەسكەردىن تەركىب تاپقان زور قوشۇن بىلەن غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالغان.

3 - مىلادى 7 - ئەسىردە جۇڭگولۇقلار يەنە شەرقىي تۈركىستان- نى ھەربىي بازا قىلىپ، غەربىي تۈركىستاننى يەتتە قېتىم بېسىۋالغان ۋە تاكى كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە كېڭەيگەن. تېخىمۇ ئالدىغا ئىلگىرىلەپ ئىرانغا، ئىران ئارقىلىق بارلىق ئوتتۇرا شەرققە ھۇجۇمغا ھازىرلانغاندا، قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ تارمار قىلىنغان.

4 - مىلادى 7 - ئەسىردە جۇڭگولۇقلار بۈگۈنكى پاكىستاننىڭ شىمالىنى تەشكىل قىلىدىغان شىمالىي رايونلىرىنى خۇنزا ۋە بالتىس- تان تەرەپلىرىنى ئىككى قېتىم بېسىۋالغاندا، ئەرەبلەر، ئىرانلىقلار، ئافغانلار ۋە ھىندىلار ئىنتايىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئارقا - ئارقىدىن قىممەتلىك ھەدىيەلەر بىلەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق خەنزۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىدىن قۇتۇلۇشقا مۇيەسسەر بولالىغان.

5 - شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئەسىرلەر بويى خەنزۇلار بىلەن قىلغان كۈرەشلىرى ئەمەلىيەتتە ئىمپېرىيالىست جۇڭگونىڭ غەربكە قى- لىدىغان بارلىق ھۇجۇملىرى ۋە ئاپەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندا توسۇپ قالغان ياكى جۇڭگولۇقلارنىڭ غەربكە كۆچۈشلىرى قاتتىق تو- سالغۇلارغا ئۇچرىغان. ئەگەر تۈركىستانلىقلارنىڭ جۇڭگولۇقلارغا قارشى كۈرەشلىرى بولمىغان بولسىدى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستانلىقلار جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە قۇللۇق ھايا-

تنى قوبۇل قىلغان بولسىدى، ئىمپېرىيالىست جۇڭگو، زامانىمىزدىن، ئەسىرلەر بۇرۇنلا غەربكە سوقۇلۇپ كىرىپ، غەربي تۈركىستاننى ۋە ئۇ ئارقىلىق ئافغانىستان، ھىندىستان، ئىراق ۋە ئىراندىن تارتىپ پۈتۈن ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرى بىلەن بالقانلارنى، ھەتتا ئوتتۇرا ياۋروپانى بېسىۋېلىپ، ئۇلارنى ئىنتايىن يۇقىرى ئاسسىملياتسىيە قىلىش قابىلىيىتى بىلەن پۈتۈنلەي خەنزۇلاشتۇرۇۋەتكەن بولاتتى. شەرقي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ بارلىق ھۇجۇملىرىنى شەرقي تۈركىستاندا توختاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەملىكەتلەر، بۈگۈنكى مىللىي ھالەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىغان.

شۇڭا بىز شۇنى كېسىپ ئېيتالايمىزكى: شەرقي تۈركىستان تارىختا غەربي دۇنياسىنىڭ شەرقتىكى ئەڭ مۇستەھكەم قەلئەسى رولىنى ئوينىغان. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بۈگۈنكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تورغۇچىسى ۋە 1911 - يىلقى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى دوكتور سۇن جۇڭسەننىڭ 1924 - يىلى نەشر قىلغان «ئۈچ خەلق مەسلىگى» مەنىسىدىكى «سەن مىنجۇيى» دېگەن مەشھۇر كىتابىغا قاراشلا كۇپايە قىلىدۇ.

جۇڭگونىڭ مىللىي غايە ۋە نىشانلىرى:

گومىنداڭ دۆلىتىنىڭ ئومۇمىي سىياسىتى يورۇتۇپ بەرگىنىگە ئوخشاشلا، بۈگۈنكى كوممۇنىست جۇڭگو دۆلىتىنىڭ ئومۇمىي سىياسىتىگىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتكەن دوكتور سۇن جۇڭسەن يازغان مەزكۇر كىتابىنىڭ 17 - بېتىدە شۇنداق دېيىلگەن: «جۇڭگو قەدىمدىن ئىنتايىن قۇدرەتلىك ۋە بۈيۈك بىر دۆلەت ئىدى. ئىنتايىن كەڭ زېمىنغا ھاكىم ئىدى. ئۆتمۈشتە جۇڭگو دۆلىتىنىڭ سىياسىي چېگرىلىرى مۇنداق ئىدى: شەرقتە شەرق دېڭىزى، غەربتە پامىر يايلىقىنىڭ غەربي قىس-

سى. شىمالدا ئامۇر دەرياسى، جەنۇبتا ھىمالايە تاغلىرى بىلەن تۇ-
تاشقان. ۋيېتنام، بىرما بىزنىڭ زېمىنلىرىمىز ئىدى. ۋيېتنام جۇڭگودىن
ئايرىلىپ چىقماستىن بۇرۇن جۇڭگو دۆلىتى. ئامۇر ۋە ئامۇر دەريالى-
رىنىڭ ھەر ئىككى قىرغىقىدىكى زېمىنلىرى قولدىن چىقىرىپ قويغان.
ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئاۋۋال شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستان
بىزنىڭ يەرلىرىمىز ئىدى. بۇ يەرلەردىن باشقا تايلاند، ئوكىناۋا،
بورنېئو، سوماترا، گاۋا، نېپال، بۇتان قاتارلىق جەنۇبىي ئاسىيا
مەملىكەتلىرى جۇڭگونىڭ بېقىندىسى بولۇپ، دۆلىتىمىزگە باج ۋە سې-
لىق بېرەتتى. لېكىن جۇڭگو دۆلىتى ئۆتكەن ئەسىردە ئاجىزلاش بىلەن
رۇسلار، ئىنگلىسلار، فرانسۇزلار، ياپونلار ۋە نېمىسلارغا ئوخشاش
ياۋروپالىق چەت ئەل ئىمپېرىيالىست مىللەتلەر جۇڭگونىڭ بىر مۇنچە
ئۆلكىلىرىنى مەجبۇرىي ئايرىۋېلىشتى. ئاخىرى جۇڭگو دۆلىتى قايتى-
دىن كۈچلىنىش ۋە شۇ ئانا زېمىنلارنى چوقۇم قايتۇرۇش لازىم.»

زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ قۇرغۇزۇچىسى سۇڭ جۇڭسەن مەزكۇر
كىتابىنىڭ 19- بېتىدە بولسا: «ئەگەر 400 مىليون نوپۇسلۇق جۇڭ-
گو تارىختا قايسى يولدىن ماڭغان دەپ سورالسا، جۇڭگو
دۆلىتىنىڭ ئىمپېرىيالىزم يولىدىن ماڭىدۇ. بۈگۈنكى دائىرىسىنى ۋە
ئورنىنى ئىگىلىگەن دېگەن جاۋاب بېرىلىشى لازىم. بوۋىلىرىمىز، تا-
رىختا سىياسىي قۇۋۋىتى ئىستىمال قىلىش بىلەن ئاجىز مىللەتلەرنىڭ
يۇرتلىرىنى بېسىۋېلىپ، ئىشغال قىلىش يولى بىلەن جۇڭگو دۆلىتىنى
چوڭايتقان» دەيدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى: خەنزۇ مىللىتىنىڭ خاراكتېرى،
ئەڭ نوپۇزلۇق ئادىمىنىڭ قەلىمى بىلەن ئىپادە قىلىنغان بۇ سۆزلەر بە-
لەن جۇڭگو دۆلىتىنىڭ مەيلى مىللەتچى بولسۇن، مەيلى قىزىل بول-
سۇن. مىللىي ئىشانلىرى ۋە ئىمپېرىيالىست غايىلىرى ئوچۇق كۆرسە-

تىلگەن.

قىزىل جۇڭگونىڭ تەھدىتى:

مىللەتچى جۇڭگو (گومىنداڭ) ئىچكى ۋە تاشقى پالاكەتلەر سەۋەبىدىن بۇ مىللىي نىشانغا قاراپ قەتئىي ھەرىكەتلەرنى باشلاشقا جاسارەت قىلالمىغان ۋە بۇنىڭغا ئىمكانىيەت تاپالمىغان بولسىمۇ، بۇگۈنكى كوممۇنىست جۇڭگو ھوكۇمىتى، كوممۇنىزم نىقابى ئاستىدا بۇ نىشانلارغا ئېرىشىش يولىدا، ئىنتايىن زور غەيرەت سەرپ قىلماقتا ۋە كۆپ ئاساسلىق ۋە مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللانماقتا، باشقىچە ئېيتقاندا، بىر زامانلاردا ياۋروپالىقلارنىڭ كېلەچەكتىكى خىيالىدەك بىلىنگەن «سېرىق تەھدىت»، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قىزىل تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، ھەقىقەتكە ئويغۇنىشىش يولىغا قاراپ ماڭماقتا ۋە كوممۇنىزمنىڭ قاتتىق تاكتىكىلىرى بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر ئازدىن چوڭىيىپ بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا.

بۇ جۈملىدىن ئېلىپ ئېيتساق، قىزىل جۇڭگو كېلەچەكتە كىرىشىدىغان تاجاۋۇزچى ۋە ئىشغالىيەتچى ھەرىكەتلىرىگە دائىر ھەر تەرەپلىملىك ۋە مۇھىم ھەربىي، سىياسى، ئىقتىسادىي پىلانلىرىنى ھازىردىن تارتىپ تەييارلىماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1 - كوممۇنىست جۇڭگو ھۆكۈمىتى، تارىختىن جۇڭگو زېمىنى دەپ قارالغان ۋە رەسمىي ئىلان قىلىشتىن تارتىنمايدىغان قوشنا مەملىكەتلەرنىڭ تىللىرىدا رەسمىي رادىئو ئاڭلىتىشلىرى بەرمەكتە، تەشۋىقات كىتابلىرى، ژۇرنال ۋە بروشۇرلار نەشر قىلماقتا ۋە بۇ ئىشلارنى قىلىشقا كېرەكلىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس كۇرسلار، مەكتەپلەر، جەمئىيەتلەر ۋە ئىنستىتۇتلارنى ئېچىپ كۆز تىككەن مەملىكەتلىرىنى ۋە بۇ مەملىكەتنىڭ خەلقلىرىنى ياخشى بىلىش ئۈچۈن، ھەر تەرەپتىن ۋە ھەر خىل سەپلەردىن تەتقىق قىلدۇرماقتا.

كوممۇنىست جۇڭگو ھۆكۈمىتى، مىللىي غايە ۋە نىشانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ پۇل خەجلەپ، ھەر خىل ۋاستىلاردىن ۋە ھەر بىر پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلانماقتا. قىزىل جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي ماھىيەتتىكى بۇ پائالىيەتلىرى بىلەن بىللە ھەربىي ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

2 - قىزىل جۇڭگو، 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇ زېمىننىڭ پەۋقۇلئاددە ئوڭۇشلۇق مەركىزىي ۋە ستراتېگىيىلىك ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ يەرنى ھەربىي بازا قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن، ھەر خىل ھەربىي ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى بىلەن توشقازغان. بۇ جەھەتتە، كوممۇنىست جۇڭگو باشلىقلىرى، قولغا كەلتۈرگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستانغا مىليونلارچە ئەسكەر كەلتۈرگەن ۋە بۇلارنى تۈركىستاننىڭ ئەڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنلىرىغا يەرلەشتۈرگەن. قىزىل جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ ھەربىي كۈچلىرىدىن باشقا زاپاس ئەسكەرلىرى ۋە سانسىز ئايروپىلانلىرى بار، بۇ ھەربىي كۈچلەرگە قوشۇمچە ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئون مىڭلارچە داشۆسكىنى شەرقىي تۈركىستانغا توشۇغان.

3 - كوممۇنىست جۇڭگو ھۆكۈمىتى، شەرقىي تۈركىستاننى خەتايلاشتۇرۇش، يەرلىك مىللىيلارنى ئۆز يۇرتلىرىدا ئاسارەتتە قالدۇرۇپ، كۆپ نوپۇسلۇق جۇڭگو ئوچىقىدا ئېرىتىپ يوقىتىش مەقسىتىدە، شەرقىي تۈركىستانغا ئەكىلىپ، ئەڭ ياخشى يەرلەرگە يەرلەشتۈرگەن مىليونلارچە خەنزۇ كۆچمەنلەر بىلەن ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇۋاتقان كوممۇنىست خەنزۇلارنىڭ توپلىمى، ئون مىليونلارغا چىققان.

4 - كوممۇنىست جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى

مۇھىم ئىشلىرىدىن يەنە بىرى، شەرقىي تۈركىستاندىن قوشنا غەربىي تۈركىستان، ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئافغانىستانغا بارىدىغان ھەربىي يوللارنى ياساتقانلىقىدۇر. بۇ ھەربىي يوللارنىڭ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى ئىنتايىن زوردۇر.

5 - كوممۇنىست جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىمپېرىيالىست سىياسىتىنىڭ تەييارلىقلىرى مابەينىدە، ئەڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش، 500.000 ئادەمنى تاپاق - قامچا ئاستىدا كېچە - كۈندۈز مەجبۇرىي ئىشلىتىش بىلەن قىسقىغىنە بىر ۋاقىت ئىچىدە 2350 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى «ئۈرۈمچى - لەنجۇ» تۆمۈر يولنى ياساتقۇزۇش ۋە بۇ يولنى شەرقىي - جەنۇبىي تۈركىستانغا قاراپ ئۇزارتقانلىقىدۇر. ئەگەر قىزىل جۇڭگونىڭ سوۋېتلەر بىلەن ئوتتۇرىسى يامانلاشمىغان بولسىدى، بۇ تۆمۈر يول، سوۋېتلەرنىڭ مەشھۇر تۈركىستان — سىبىرىيە تۆمۈر يولى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولاتتى. شۇنداق قىلىپ يىراق شەرق بىلەن ياۋروپا، پاسىپىك بىلەن قارا دېڭىز بۇ تۆمۈر يول بىلەن بىر - بىرىگە باغلانغان بولاتتى.

6 - كوممۇنىست جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 31 يىللىق ھاكىمىيىتى جەريانىدا مەيدانغا كەلتۈرگەن زور ھەربىي كەشپىياتلار نەتىجىسىدە، ھەربىي كۈچى زور دەرىجىدە كۈچەيگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىر ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ رەقىبى ۋە قوشنىسى كونا خوجايىنى سوۋېت رۇسىيەسىگىمۇ تەھدىت سېلىشقا باشلىغان.

كوممۇنىست جۇڭگو بىلەن سوۋېت رۇسىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ كۆرۈنۈشتە ئىدىيىۋى ماھىيەتتە بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئاساسىي ۋە مەنبەسى، مىللىي ۋە تارىخىي مەنپەئەتلەر ئاساسىدىكى «ئاسىيا، ھەتتا دۇنيا ھۆكۈمرانلىقى» پىكرىگە تايانغان. چۈنكى بۈگۈن، سو-

ۋېت رۇسىيىسىنىڭ بارلىق مۇستەملىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۈز
ئۆلچىمى 21 مىليون كۋادرات كىلومېتىر زېمىنى بار. بۇ زېمىندا ياشا-
ۋاتقان ئادەملەرنىڭ سانى بولسا ئاران 260 مىليوندۇر. بۇنىڭ ئەك-
سىچە جۇڭگونىڭ مانجۇرىيە، ئىچكى موڭغۇلىيە، شەرقىي تۈركىستان
ۋە تىبەتنى بارلىق مۇستەملىكىلىرىنى قوشقاندا، يۈز ئۆلچىمى 9 مىل-
يون 597.000 كۋادرات كىلومېتىردۇر. بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئىن-
سانلارنىڭ سانى بولسا بىر مىلىياردتۇر. جۇڭگونىڭ نوپۇسى ھەر
يىلى 25 - 30 مىليون ئارتماقتا. بۇ نوپۇس ئارتىپ بېرىپ، ئا-
خىرى بىر كۈن جۇڭگو قورۇقلۇقىغا سىغماي قالىدۇ ۋە تېشىپ چىقىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن تارىخى ۋە ئەنئە-
نىۋى ئىمپېرىيالىست خىياللىرىدىن باشقا، يالغۇزلا نوپۇسنىڭ ئارت-
شى ۋە ئارتقان نوپۇسنى بېقىش ۋە تويغۇزۇش مەجبۇرىيىتى، جۇڭ-
گونىڭ باشلىقلىرىنى خالار - خالىماس كېڭىيىش سىياسىتى يۈرگۈ-
زۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

7 - كوممۇنىست جۇڭگو، بولۇپمۇ سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن كې-
لەچەكتە بولىدىغان بىر ئاتوم ئۇرۇشىنىڭ ۋە ھىدروگېن ئۇرۇشىنىڭ
جىددىي ھازىرلىقىنى قىلماقتا. ھازىر قىزىل جۇڭگو غەربىي تۈركىس-
تانغا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بولسا شەرقىي تۈركىستانغا كۆز تىكمەك-
تە. ھەر ئىككى ئىمپېرىيالىست دۆلەت، ئۆز-ئارا تىللىشىپ قارشى تە-
رەپتىكى مەملىكەت خەلقىنى ھۆكۈمران دۆلەتنى ئىشغالىيەتچى ۋە
مۇستەملىكىچى دەپ دۇنياغا ئېلان قىلىش بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈشكە
كۈشكۈرتمەكتە ۋە كېلەچەكتە قىلىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئىشلىرى ئۈ-
چۈن چېرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىشمەكتە. ئاخىرى كېلەچەكتە كوممۇ-
نىست جۇڭگو بىلەن سوۋېت رۇسىيىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولىدى-
غان بولسا، بۇ ئىككى چوڭ دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئا-

ساسلىق مەيدانى ۋە مۇھىم ئۇقتىسى شۈبھىسىزكى، يەنىلا شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان بولدۇ.

كوممۇنىست جۇڭگونىڭ سوۋېت رۇسسىيىگە قارشى ئالغان تەدبىرلىرى:

كوممۇنىست جۇڭگو ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان شەرقىي تۈركىستاننى رۇسلارغا تاتقۇزۇپ تويماسلىق مەقسىتىدە، سوۋېتلەرگە قارشى قوللانغان ھەربىي تەدبىرلىرىگە قوشۇمچە بەزى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قوللانغان. بۇلار مۇلاردىن ئىبارەت:

1 - شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئادەتتىن تاشقىرى باي يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ۋە ھاۋا يوللىرىنى بىرلىشىپ باشقۇرۇش مەقسىتىدە، 5019 - يىلى 27 - مارتتا سوۋېتلەر بىلەن ئىمزالىغان ئۈچ توختامنى 1957 - يىلى كوممۇنىست جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆز ئالدىغا بىكار قىلغان.

2 - كوممۇنىست جۇڭگو ھۆكۈمىتى، دەسلەپتە شەرقىي تۈركىستاندىكى 5 سوۋېت كونسۇلخانىسىنى تاقىۋەتكەن.

3 - 1916 - يىلى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن غەربىي تۈركىستاندىن شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن بارلىق غەربىي تۈركىستانلىق تۈركلەر بىلەن باشقا سوۋېتلىكلەرنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلىدى.

4 - شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ سوۋېتلىكلەر بىلەن ھەر خىل ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن، كوممۇنىست جۇڭگو ھۆكۈمىتى، سوۋېتكە چېگرا رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بارلىق يەرلىك تۈركىي مىللەتلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا خەنزۇلارنى يەرلەشتۈرگەن.

5 - كوممۇنىست جۇڭگو ھۆكۈمىتى، مەملىكەتتىكى سوۋېتلىكلەر-

نى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتارى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەممىسنى تازىلى-
غان.

6 - بۈرۈن جۇڭگو - سوۋېت دوست چاغدا، سوۋېت رۇسىيىسى-
دە بېسىلىپ شەرق تۈركىستانغا ئەۋەتىلىدىغان، شەرق تۈركىستاندى-
كى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلىدىغان پۈتۈن رۇسچە كىتابلارنى، ژۇرنال
ۋە گېزىتلەرنى ھەتتا رۇسچە بارلىق دەرسلىكلەرنى ۋە دەرسلىك قو-
راللارنى، ئىشقىلىپ رۇسچە نىمە بار بولسا ھەممىسنى توپلاپ يو-
قاتقان.

رۇسلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان سىياستى:

رۇسلارنىڭ مەيلى چارروسسىيە دەۋرىدە، مەيلى بۈگۈنكى كوم-
مۇنىزم دەۋرىدە بولسۇن، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى سىياسەتلە-
رىنىڭ ئاساسىنى تۆۋەندىكىلەر تەشكىل قىلىدۇ:

1 - خەلقئارادىكى شەرتلەر ئىمكانىيەت بەرگەن تەقدىردە،
شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىۋېلىپ، رۇسىيە زىمىنىغا قوشۇ-
ۋېلىش.

2 - بۇنى قىلىش مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە شەرقىي تۈركىس-
تاندا خەنزۇلارغا قارشى مەيدانغا چىققان مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت-
لىرىنى، قۇرۇلغان مىللىي ھۆكۈمەتلەرنى ئۆز تەسىرى ئاستىغا كىرگۈ-
زۈش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش.

3 - بۇمۇ مۇمكىن بولمىسا، مەركىزىي جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئىتا-
ئەت قىلماستىن، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇردە شەرقىي تۈركىستاننى
ئىدارە قىلىۋاتقان ئىگوئىست ۋە مىللەتپەرەس خەنزۇ ۋالىيلارغا ياردەم
قىلىش، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى
باستۇرۇش يولى بىلەن بۇ خەنزۇ ۋالىيلارنى ئۆزىنىڭ كونترولى ۋە
رەھبەرلىكى ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ نوپۇزى بىلەن شەرقىي تۈركىس-

تانى ئىدارە قىلىش.

٦ - مەركىزىي جۇڭگو ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى بىۋاسىتە ئىشغال ۋە مۇستەملىكە قىلىش ئىمكانىيىتىنى تاپقاندا، بۇ ئىشغالىيەتچىلەرگە ياردەم قىلىش بىلەن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا ئىگە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش.

رۇسلار بۇ سىياسەتلىرى يۈزىدىن ئۆتكەن ئەسىردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ بارلىق مىللىي ھەرىكەت ۋە تەشەببۇسلىرىنى، ھەر دائىم ئىشغالىيەتچى خەنزۇلارنىڭ پايدىسىغا قۇربان قىلغان.

مەسىلەن:

٨. ئىلى ۋىلايىتى جۇڭگو ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئارىدىن 8 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1871 - يىلى قورال كۈچى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىنى بېسىۋالدى. بۇ ۋىلايەتنى قۇتقۇزغان ۋە بۇ يەردە قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى ئوبۇل - ئەلا خودايىقۇل ئوغلىنى ئەسىر قىلىپ رۇسىيىگە ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن مەقسەت: ئىلىنىڭ، ئىلىدىن باشقا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى مەھەللە يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلەشكەن دۆلەت قۇرۇشقا مۇيەسسەر بولغان ياقۇپخان بەگ دۆلەتنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قېلىشىنى توسۇش؛ بۇ يول بىلەن بە دۆلەتنىڭ ئىلى يولى بىلەن رۇسلارنىڭ قول ئاستىدىكى غەربىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىش پىلانىنى سۇغا چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت.

B. شەرقىي تۈركىستاننى قوغدىغۇچى ئىككىنچى جۇڭگو ئىشغالىدىن بەش يىل كېيىن يەنى 1881 - يىلى قەتئىي تەشەببۇسلىرى ۋە تەھدىتلىرى نەتىجىسىدە رۇسلار، جۇڭگولۇقلاردىن 9 مىليون روبلى تۆلەم پۇلى ۋە ئىلى ۋىلايىتىدىن نۇرغۇن يەرنى ئېلىۋالدى. رۇسلار

مۇشۇنداق قىلىش بىلەن ئىلىنى تاشلاپ بەرگەن.

C. رۇسلار جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، قورال ئىشلىتىش ۋە تەھدىت سېلىش يولى بىلەن 1864 - 1881 -، 1882 -، 1883 -، 1884 - يىللاردا جۇڭگولۇقلار بەلەن ئىمزالىغان تارباغاتاي، پېتروگراد، قەشقەر، خاباخى كېلىشىملىرى بويىچە ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، ئاقسۇ ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن يۈز مىڭلارچە كۋادرات كىلومېترلىق يەر ۋە بىر مۇنچە ئىمپېريالىستىك ئىمتىيازلارنى قولغا كىرگۈزگەن.

D. سوۋېت رۇسىيىسىگە كەلسەك، قىزىل قوزغىلىڭى باشلانغاندىن كېيىن، رۇسىيە بۇ رايوننى ئۆز كونترولى ئاستىغا ئېلىشنى ئويلىدى. مۇنداق قىلالمىغاندىن كېيىن ئىنتايىن قورقتى ۋە ئەندىشىگە چۈشتى. شۇ چاغدىكى شەرقىي تۈركىستان باش ۋالىيسى جىن شۇرىن بىلەن 1931 - يىلى 7 - ئۆكتەبىردە يەنە ماددىلىق مەخپىي توختام تۈزدى. بۇ توختام بويىچە، شەرقىي تۈركىستاندىن بىر مۇنچە ئىمپېريالىستىك ئىمتىيازلارنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ ئەكسىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئەسلىھەلەر بېرىش ئارقىلىق ياردەم قىلغان.

E. رۇسلار 1933 - يىلى جىن شۇرىننىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان گېنېرال شىڭشىسەي بىلەن ئىمزالىغان ئىنتايىن مەخپىي توختام بويىچە، شەرقىي تۈركىستاندىن بۇرۇنقىغا نىسبەتەن تېخىمۇ كۆپ ئىمتىيازلارنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ ئەكسىچە زور مىقداردا ھەربىي ياردەم بېرىش بىلەن تۈركىستانغا تارقالغان ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ بېسىقتۇرۇلۇشىغا ۋە قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ باشلىقى خوجا نىيازنىڭ رەھبەرلىكىدە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا قۇرۇلغان مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇندىن باشقا بۇ ئىشغالىيەت تا-

مامىلانغاندىن كېيىن، 300 مىڭ تۈركنى قولغا ئېلىپ، رەئىس خوجا نىياز ھاجى ۋە سابىت ئابدۇل باقى باشچىلىقىدىكى 100 مىڭ كىشىنى ھەر خىل قىيناش ۋە ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللىرى بىلەن يوق قىلدى. شۇنداق قىلىپ 1933 - يىلىدىن 1943 - يىلىغا قەدەر بولغان 10 يىل ئىچىدە بۇ ۋەھشىي خەنزۇ ۋالىيى قورچاق ئورنىدا ئىشلىتىپ، شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنى قان قۇستۇردى ۋە مەملىكەتنىڭ بارلىق مەئىشەتلىرىنىڭ بېشىغا بارلىق ئاچكۆزلىكى بىلەن ئولاشتى.

F. 1932 - يىلى رۇسلارنىڭ قۇرچىقى شىڭ شىسەينىڭ زالىملىقىغا قارشى ئابدۇنىياز ئىسىملىك بىر مىللىي قەھرىماننىڭ رەھبەرلىكىدە بىر ئىسيان كۆتۈرۈلدى. ئابدۇنىياز 4 ئاي ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئازاد قىلدى. لېكىن ئاخىرى سوۋېت رۇسىيەسى ئۇرغۇنلىغان ئەسكەرنى ئەۋەتىپ بۇ ئىسياننى باستۇردى. ئەسىرگە چۈشكەن 20 مىڭ مىللىي كۈرەشچىنى ھەرخىل ئازابلار بىلەن ئۆلتۈردى. «ئىسيانچىلارغا ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ياردەم قىلدى» دېگەن تۆھمەت بىلەن ئون مىڭلارچە گۇناھسىز ئادەمنى تۈرمىگە سولاپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قىينىدى.

G. 1940 - يىلى ئالتايدا ئوسمان باتۇرنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر ئىسيان قوزغالدى. گېنېرال شىڭ بۇ ئىسياننى باستۇرۇش ئۈچۈن رۇسلاردىن ياردەم سورىدى. رۇسلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گېنېرال شىڭ شىسەيگە «بىر ھەرىپىنى ھەم ئۆزگەرتمەسلىك» شەرتى بىلەن ئۆزلىرى ھازىرلىغان 17 ماددىلىق بىر كېلىشىمنى ئىمزالاتتى. بۇ كېلىشىم بويىچە بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىمتىيازلارغا ئىگە بولدى. بۇنىڭغا لايىق ياردەم قىلدى، ھەتتا ئالتايدىكى ئىسياننى باستۇرۇشقا بارغان گېنېرال شىڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە رۇس مەسلىھەتچى-

لىرى قوماندانلىق قىلدى.

1944 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە ئېلىخان تۆرىنىڭ باشچىلىقى-دا گومىنداڭچى جۇڭگوغا قارشى بىر ئىسيان كۆتۈرۈلدى. قىسقىغىنە بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى خەنزۇلار-نىڭ بېسىمىدىن ئازاد بولدى. ئېلىخان تۆرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىلىنى مەركەز قىلغان مۇستەقىل بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەت شەر-قىي تۈركىستانىنىڭ باشقا رايونلىرىنىمۇ ئازاد قىلىشقا ئاتلاندى. ئا-زادلىق ھەرىكىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن خەنزۇلار، شەرقىي تۈركىستانىنى تاشلاپ قېچىشقا، بالا-چاقىلىرىنى جۇڭگوغا توشۇشقا باشلىدى. لېكىن بۇ قېتىم شەرقىي تۈركىستانىنىڭ پۈتۈنلەي ئازاد بولۇپ مۇستەقىللىقىنى قولغا ئېلىشى، غەربىي تۈركىستانغا ئۆرنەك بولۇپ ئۇلارنى «كۈشكۈرتىدۇ» دېگەن ئەندىشە بىلەن قاتتىق قورقۇش ئاستىدا قالغان رۇسلار، ئىلى ھۆ-كۈمىتىنى قورقىتىش ۋە ئۇلارغا تەھدىت سېلىش يولى بىلەن گومىن-داڭچى جۇڭگو بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى.

1949 - يىلى گومىنداڭچى جۇڭگو، كوممۇنىست جۇڭگو ھۆ-كۈمىتىگە پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى 100 مىڭ ئەسكىرىنىڭ گۋاڭدۇڭدىكى مەركىزىي ھۆ-كۈمەت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ پۇرسەتنى غەنى-مەت بىلگەن شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى، گومىنداڭچى ئەسكەرلەر-نى بىر تەرەپ قىلىپ مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلماقچى ۋە ئۇلارنىڭ قو-لىدىن تارتىۋالغان قوراللار بىلەن شەرقىي تۈركىستانىنى كوممۇ-نىستلارغا قارشى مۇداپىئە قىلماقچى بولدى. لېكىن كوممۇنىست جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇش ۋە كېلەچەكتە ئىمتىيازلار-نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن رۇسلار، شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا

كوممۇنىست جۇڭگو ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان بولسا، ھەربىي جەھەتتە ئارىلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تەھدىت سالدى. بۇنىڭ بىلەن كوممۇنىست جۇڭگونىڭ تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشىغا ياردەم قىلدى.

ئاخىرى شۇ نەتىجە ئوچۇق كېلىپ چىقتىكى، بۇ سىياسەتنىڭ جەريانىنى كۆزدىن كۆچۈرىدىغان بولساق، رۇسلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېلىپ بارغان تارىخىي سىياسەتلىرىدە بۈگۈنكى كۈندە قوللىنىدىغان ھەر قانداق بىر ئۆزگىرىش، ئاخىرى بىر خىل تاكتىكا جەھەتتىكى ئۆزگىرىشتىن باشقا نەرسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رۇسلارنىڭ كوممۇنىست جۇڭگوغا قارىتا قوللانغان تەدبىرلىرى:

كوممۇنىست جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي تەدبىرلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىنتايىن قاتتىق چۆچۈتتى ۋە بۇنىڭغا قارشى بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1 - يېقىنقى زامانلاردا ئالغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ھەر خىل ھەربىي تەدبىرلەر قوللىنىلغاندىن باشقا، كوممۇنىست جۇڭگونىڭ كۆز قاراش ۋە تەشۋىقاتلىرىنى تەسىرسىز قالدۇرۇش ئۈچۈن، غەربىي تۈركىستان تۈركلىرىگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ئاساسىي سىياسىتىنى خېلىلا يۇمشىتىشقا باشلىدى.

2 - يەنە شۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن غەربىي تۈركىستانغا قېچىپ بارغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا كۆتۈلمىگەن بىر خىل قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنى ئومۇمەن غەربىي تۈركىستانغا يېقىن رايونلارغا، بولۇپمۇ قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستاننىڭ بەزى شەھەرلىرىگە يەرلەشتۈردى.

3 - سوۋېت ئىشپانى، شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى تەشكىلاتلاندۇردى. بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، بۇلاردىن 50 مىڭ كىشىلىك «شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىش قوشۇنى» ئىسىملىك ھەربىي تەشكىلات قۇرۇپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستانلىق كۆچمەن گېنېرال زۇنۇن تېيىپنى باشلىق قىلغان بولاردىن زەربىدار كۈچلەرنى ۋە پارتىزانلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، مەخسۇس تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان.

4 - قازاقىستاندا، ئۆزبېكىستاندا داشۆلەرگە قاراشلىق «ئۇيغۇرشۇناسلىق» ئىسمى بىلەن ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرى قۇرۇلۇپ، شەرقىي تۈركىستان ھەر تەرەپلىملىك تونۇشتۇرۇلماقتا.

5 - يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەيئىتى» ئىسىملىك بىر مىللىي ئازادلىق كومىتېتى قۇرۇلغان.

6 - تاشكەنت ۋە ئالمائاتا رادىئولىرى، شەرقىي تۈركىستانغا قارىتا ھەر كۈنى ئىككى سائەت ئاڭلىتىش بەرمەكتە.

7 - سوۋېت رۇسىيە مەتبەسى، سوۋېت رەھبەرلىرى، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇڭگو تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بىر مەملىكەت» ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ خەنزۇ تەمەسلىكىنى ھەر خىل ۋاسىتىلار بىلەن تەكرارلىماقتا.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنلەردىن چىقىدىغان خۇلاسە شۇكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قوشنىلىرى ۋە ئۇنىڭ دوستى بولۇشقا تېگىشلىك مەملىكەتلەر ئۈچۈن ئەڭ ئاقىلانە ۋە ئۆز مەنپەئەتلىرىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان يول، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋالنى تەتقىق قىلىش، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچىكى مەسىلىسىدە ئاساسلىق نۇقتىلارنى

ئويلاش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ئىنسانىي ھوقۇقلىرى يولىدا ئېلىپ بارغان مەنىۋى كۈرەشلىرىنى دىپلوماتىك يوللار بىلەن قوللاش، لازىم تېپىلسا ئۆز ئىچىدە ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا دۆلەتلەر بىلەنمۇ مەسلىھەتلىشىپ شەرقىي تۈركىستانغا ھەم دۇنيا تىنچلىقىغا ھەمدە شۇ يەردىكى خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىغا ئەڭ مۇۋاپىق بىر پرىنسىپنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتىن مۇمكىن بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن كېرەكلىك تۈنجى قەدەم، بۇ مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ئارزۇسىغا پۈتۈنلەي ياردەمدە بولۇشتۇر. شۇ ئەھۋال ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى، كۆرۈنۈشتە بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك پەقەت شەرقىي تۈركىستانلىقلارغىلا مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلە بولماستىن، قوشنا ۋە دىنداش مەملىكەتلەر بىلەن يېقىن شەرق مەملىكەتلىرىگە، پۈتۈن ئەركىن دۇنيانىڭ، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە ۋە دۇنيا تىنچلىقىغا يېقىن ئالاقىدار ئەمەلىي بىر مەسىلىدۇر.

## جۇڭگو دۆلەت باشلىقىغا خەت

ئە. سايلىكاي

ئالدى بىلەن تۈركلۈكنىڭ بىردىن - بىر مۇستەقىل قەلئەسى - تۈركىيەگە خوش كەپسىز، دەيمەن. بۇ زىيارىتىڭىزنىڭ دۇنيا تىنچلىقى، تۈرك - جۇڭگو دوستلۇقى ۋە تۈرك - جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشقا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۈركىيىدە قىلىۋاتقان زىيارىتىڭىزنى بىر پۇرسەت دەپ بىلىپ،
سىزگە شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامىدىن بەزى ئىلتىماسلارنى قىل-
ماقچىمەن. ھازىرغىچە خەلقىم جازاغا تارتىلىشتىن قورققانلىقى ئۈ-
چۈن، قەلبىدىكى بۇ ئارزۇلىرىنى ئوچۇق بايان قىلالمايۋاتىدۇ. مې-
نىڭ بۇ جاسارىتىمنى ئەپۇ قىلغايسىز.

ئەنزۇلار تۈركىيىنى «تۇرچى»، ئامېرىكىنى «مېيگو»، ئەنگلىيە-
نى «يىڭگو»، فرانسىيىنى «فاگو»، گېرمانىيىنى «دېگو» دەپ ئاتى-
غانغا ئوخشاشلا شەرقىي تۈركىستاننىمۇ «شىنجاڭ» دەپ قوبۇل قىل-
ماقتا. ئەمما يۇقىرىدا ئاتالغان دۆلەتلەرنىڭ خەلقلىرى ئۆزىنىڭ ئانا
ۋەتىنىنى ئۆز تىلى بىلەن ئاتاشنى ياخشى كۆرىدۇ. شەرقىي تۈركىس-
تانغا بارغان چەت ئەللىكلەر، ياشلارنىڭ «بۇ ئۆلكىنىڭ شىنجاڭ
دەپ ئاتىلىشىدىن بۇرۇنقى ئىسمى نېمە ئىدى؟» دېگەن سوئاللىرىغا
دۇچ كېلىپ قالىدۇ. قېرىلار بولسا، داۋاملىق ماۋۇ مىسرالارنى ئېيتىپ
يۈرىدۇ:

«ئاپتونوم دېگەن بىلەن،
ئۇيغۇر ىستان بولالمىدى.
ئاھ مېنىڭ بىچارە خەلقىم،
تۈرك ئېلى بولالمىدى.»

ئانا ۋەتەنلىرىنى جۇڭگونىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن بېرىلگەن بىر ئە-
سىم دەپ قارىغانلىقلىرى ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى «شىن-
جاڭ» دېگەن ئىسىمدىن نەپرەتلەنمەكتە. ئەجابا بۇ ئىسىمنى ئۆز-
گەرتكىلى بولماسمۇ؟

ماۋزېدۇڭ ۋە ھازىر ھايات بولغان بىر قىسىم جۇڭگونىڭ باشلىق-
لىرى، جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ 1922 - ، 1931 - ۋە 1945
- يىللىرىدىكى يىغىنلىرىدا ئەگەر كوممۇنىستلار ھاكىمىيەتنى قولىغا

ئالدىنغانلا بولسا ، ئىچكى موڭغۇلىيە ، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىگە ئۆز-تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىدىغان ھوقۇقنى بېرىدىغانلىقلىرىنى قارارلاشتۇرغانىدى . ئەپسۇسكى ، بۇ ۋەدىلەر ئىجرا قىلىنمىغىنىدەك ، ئۇنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن ئاتالمىش ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىمۇ قەغەز ئۈستىدىلا قالغان . 1982 - يىلى قوبۇل قىلىنغان جۇڭگونىڭ يېڭى قانۇنىدىن كېيىن ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھىم رەھبەرلىك ئورۇنلارنىڭ يۈزدە 43% نى يەرلىك خەلقلەر ئىگىلىگەن بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئىزگىنلىرىنىڭ تېخىچە خەنزۇلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى ، شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ كۆزىدىنمۇ ئېچىپ قۇتۇلالمىغان . مەسىلەن : 1983 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان غەربىي گېرمانىيىنىڭ « دەرسپىگەل » ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى بۇ مەسىلىگە ئائىت مۇنۇ سۆزلەرنى يازغان : « گەرچە شىنجاڭدىكى مۇھىم ئورۇنلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇيغۇرلار ئىگىلىگەن بولسىمۇ ، ھەر قانداق بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى بىلەن سۆزلەشكەندە ، ھەقىقىي باشلىقلىرىنىڭ خەنزۇلار ئىكەنلىكىنى بىر نەچچە مىنۇتتىلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ . ئۇيغۇر باشلىق بىر چەت ئەللىك بىلەن سۆزلەشكەندە ، توغرا سۆزلەۋاتامدىمەن دېگەندەك قىلىپ ، يېنىدىكى خەنزۇ باشلىقلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارايدۇ .

مادەمكى شەرقىي تۈركىستان بىر ئاپتونوم رايون بولدى ، شۇنداقكەن بۇ رايوننىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ھەقىقىي تۇردە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز قولىغا بېرىش كېرەك ئەمەسمۇ ؟

شەرقىي تۈركىستان خەلقى ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ۋە ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ھەتتا ئۇ يەردە ھەقىقىي مەنىدىكى باراۋەرلىككىمۇ ئىگە بولالمايۋاتقانلىقلىرىدىن شىكايەت قىلماقتا . شەرقىي تۈركىستانغا بارغان ھەر

قانداق چەت ئەللىككە بۇنى ئوچۇق دېيىشمەكتە .

ئۇلار : « ئەگەر بىر يەرلىك بىلەن بىر خەنزۇ سوقۇشۇپ قالسا ، مەيلى ئۇ گۇناھكار بولسۇن - بولمىسۇن دائىم بىز جازاغا تارتىلىمىز . بۇنىڭدىن مەقسەت بىزگە تەھدىت سېلىشتۇر . گەرچە كېيىنكى زامانلاردا سوتچى ، ئادۋوكات ۋە ساقچىلار ، ئىشلىگەنلەرنىڭ بىر قىسمىنى يەرلىك خەلقلەر تەشكىل قىلىدىغان بولسىمۇ ، ئۇلار « مىللەتچىلىك قىلدى » دېگەن قالپاقنى كىيىۋالماسلىق ئۈچۈن ، گۇناھكار بولغان تەقدىردىمۇ خەنزۇغا جازا بېرىشتىن قورقىدۇ . بىر ئورۇنغا ئىشچى ئېلىش توغرا كەلسە خەنزۇلارغا پاكىز ، ئاسان ئىشلارنى بېرىدۇ ، بىزگە ئەڭ ئېغىر ، ئەڭ پاسكىنا ئىشلارنى بېرىدۇ . بۇ مېھمانخانىدا ( ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىڭگۈەن ) 350 كىشى ئىشلەيمىز . بۇلاردىن ئاران 35 مىللىي ، قالغىنى خەنزۇ . يېنىمىزدىكى ماگىزىندا 84 ئادەم ئىشلەيدۇ . بۇلاردىن 15 ى مىللىي . قالغانلىرى خەنزۇ ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئاران يۈزدە 10 پىرسەنتى مىللىيلار بولۇپ ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار ، ئىچكىرىدىن كەلگەن ھەممە ياخشى ، سۈپەتلىك ماللار خەنزۇلارغا سېتىلىدۇ .

پىرىكازچىكلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار بولغىنى ئۈچۈن ، دۇكاندا بار ماللارنى سورىساقمۇ بىزگە « يوق ! » دەپلا تۇرىدۇ . مەسىلەن : شەرقىي تۈركىستاندا « تۇتۇرۇ » ۋە « يوگىجۇ » ماركىلىق ئىككى خىل ۋېلىسىپىت بار . سۈپىتى ياخشى دەپ ھېسابلانغان « تۇتۇرۇ » ماركىلىقى زادىلا بىزگە سېتىلمايدۇ . شەرق تۈركىستاننىڭ قايسى بۇلۇڭ - پۇشقىقىغا بارسىڭىز بېرىڭ ، بۇ ھەققانىيەتسىزلىك ، ئادالەتسىزلىك ، تەڭسىزلىك ئىشلىرىنى كۆرەلەيسىز . سىلەرگە بۇ خىل مىساللاردىن مىڭلارچىسىنى دەپ بېرەلەيمىز . ئەمما بۇلارنى يېزىش

ئۇچۇن قەغەزمۇ، قەلەممۇ يېتىشمەي قالىدۇ.» دەيدۇ.

بۇ ئەھۋال ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئازراق بولسىمۇ ئادەمدەك ياشاش ھوقۇقىنى بەرگىلى بولماسمۇ؟

ئارقا - ئارقىدىن چىقىۋاتقان خەنزۇلار ئېقىمى، شەرق تۈركىستان خەلقىنى قورقۇتماقتا. بۇ ئېقىپ كىرىشلەرگە، جۇڭگودا جازا مۇددىتىنى تاماملاش ئۇچۇن، داۋاملىق تۈردە شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلىۋاتقان گۇناھكار خەنزۇلارنىڭ سانى قوشۇلسا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قورقۇشلىرىنى ئاسانلا چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئاجايىپ بىر تەرىپى شۇكى، جازا مۇددىتى توشقان بۇ گۇناھكار خەنزۇلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ ۋە «دېھقان» دېگەن نام بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ قېلىپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىدۇ. ئۆي - ئوچاقلىق ئائىلىسىدىكىلەرنى يانلىرىغا چاقىرتىپ، بويتاقلار ئۆيلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسىنى كۆپەيتىدۇ. ئەگەر خەنزۇلار مۇشۇ سۈرئەتتە چىقىدىغانلا بولسا، 2000 - يىلغا بارغاندا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ چىرايلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە مانجۇلارغا ئوخشاش خەنزۇلىشىپ كېتىپ، مىللىي ۋە دىنى ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتىدىغانلىقىنى دېيىشمەكتە. مۇشۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيىسى رەھبىرى خوياۋباڭ ئۆتكەن يىلى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ 200 مىليون خەنزۇنى سىغدۇرغىدەك كۈچىنىڭ بارلىقىنى» تەكىتلەپ كۆرسەتتى. بىز، شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرى ئىچىدە ئەندىشە ھاۋاسى ياراتماقتا.

ھازىر خەنزۇلارنىڭ ئېقىپ كىرىشىنى توختىتىش، خەنزۇ گۇناھكارلارنىڭ جازا مۇددىتىنى ئۆز رايونلىرىدا تاماملاش ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى خەنزۇلارنىڭ سانىنى ئازايتىشقا بولمامدۇ؟جۇڭگو-

نىڭ باشلىقلىرى داۋاملىق تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈر-
كىستانغا تەھدىت سېلىۋاتقان «ئاغدۇرمىچىلىق» ھەرىكەتلىرىدىن
شىكايەت قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بۇ خىل تەشۋىقاتلارغا
ئىشەنمەسلىككە ۋە خەنزۇلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئوتتۇ-
رىسىدىكى «دوستلۇق» مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىشكە چاقىرماقتا.
ئەگەر جۇڭگونىڭ باشلىقلىرى «دېڭىزگە چۆكۈپ كەتكۈچىنىڭ يىلانغا
ئېسىلىشى» نى توسۇماقچى بولسا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ
پەرياتلىرىغا قۇلاق سېلىشلىرى لازىم ئەمەسمۇ؟

قوشۇمچە مەلۇماتلار:

1 - جۇڭگو بىر تەرەپتىن تۈركىيە بىلەن دوستلۇق ئالاقىسىنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشلىرىنى تۈركىيىگە
قەستەن تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، بەزى ئانارخىستلارنىڭ كىنولىرىنى
شەرقىي تۈركىستاندا قويۇپ تۈركىيىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى
خەلقلەرگە يامان كۆرسىتىشكە تىرىشماقتا. بۇ ئەھۋالغا شەرقىي تۈر-
كىستان تۈركلىرى ئىنتايىن خاپا بولۇۋاتىدۇ.

2 - شەرقىي تۈركىستاندىكى ياشلار، تۈركىيە تۈركچىسىنى ئۆ-
گىنىشكە ئىنتايىن خۇشتار. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەكەن، خوتەن،
قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى ۋە باشقا شەھەرلىرىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە-
كى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچىدە بىر تۈركچە تىل كۇرسى سىناق
تەرىقىسىدە ئېچىلغانىكەن. ئەگەر مۇراجىئەت قىلغۇچىلار كۆپەيسە بۇ
كۇرسلار كېڭەيتىلىپ ئېچىلماقچى ئىكەن. نىمە ئۈچۈندۇر بۇ ئىش
توختاپ قالغان. ئەكسىچە ئوقۇتقۇچىسىزلىقتىن بۇ كۇرسلار ئاقساپ
قالغان ھەتتا ئېتىلىپ قالغان. بۇ ئەھۋال ئاستىدا تۈركىيە بىلەن
دوست بولۇشقا تىرىشىۋاتقان جۇڭگولۇقلار نىمە ئۈچۈن تۈركىيىدىن
ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىشتىن قاچىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن تۈركىيىگە شەرقىي

تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇشقا چىقارمايدۇ؟

3 - نېمە ئۈچۈن، قول ئاستىدا مىليونلارچە تۈرك تۇرۇقلۇق، جۇڭگودا ھازىرغىچە تۈركولوگىيە بۆلۈمى يوق؟

4 - جۇڭگولۇقلار ھازىرغىچە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار دېگەندەك قەبىلىلەرنىڭ ئەسلىدە تۈرك ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچە تەرەپتارلىرىنى يامان كۆرىدۇ؟ ۋە ئىشتىن قوغلايدۇ ياكى جازالايدۇ؟

# ئامېرىكىدا ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىلىكى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىدا بۇنىڭدىن 25 يىل بۇرۇن ھەممە ئادەم بىردەك قوبۇل قىلغان بىر قانۇنغا ئاساسەن، 7 - ئاينىڭ 3 - ھەپتىسى، ئامېرىكىدا ھەر يىلى ئازادلىققا ئېرىشەلمىگەن مىللەتلەرنى خاتىرىلەش ھەپتىسى قىلىپ تەبرىكلەنمەكتە. بۇ ھازىر ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى ۋە پۈتۈن ئەسىر مىللەتلەر ئەركىن بولۇپ ئازادلىققا ئېرىشكىچە داۋام قىلىدۇ.

بۇ يىلمۇ «ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىلىكى» نيو - يوركتا ئەنئەنىگە ئۇيغۇن شەكىلدە تەبرىكلەندى. مەركىزىي نيو - يوركتا بۇ «تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتى» تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ نامايىشقا، تەشكىلاتقا ئەزا 35 ئەسىر مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزىنىڭ مىللىي بايراقلىرى ۋە مىللىي كىيىملىرى بىلەن قاتناشتى.

نيو - يوركنىڭ داڭلىق 5 - كوچىسىدىن باشلىنىپ، شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى مەركىزىي خەلق باغچىسىغىچە بولغان نامايىشتا

قىزغىن نۇتۇقلار سۆزلەندى. بولۇپمۇ نيو - يوركتىكى تۈركىستان-لىقلارنىڭ نامايىشى ۋە مىللىي ئويۇنلىرى، ئامېرىكىدىكى گېزىتلەر-نىڭ، رادىئو - تېلېۋىزىيەلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئەسىر مىللەت-لەرنىڭ نامايىشىغا 5000 ئەتراپىدىكى تۈركىستانلىق مىللىي كىيىملىرى ۋە بالا - چاقىلىرى بىلەن قاتناشتى. قوللىرىدا ئاي يۇلتۇزلۇق تۈر-كىستان بايرىقىنى ۋە تۈرك جۇمھۇرىيىتى بايرىقىنى تۇتقان تۈركىستان-لىقلار تۆۋەندىكى سۆزلەر يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈشكەن هال-دا نامايىش قىلدى:

«تۈركىستان تۈركلىرى ئۈچۈن ئەركىنلىك، ئىنسان هوقۇقى ۋە مىللىي هاكىمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز!»

«رۇسلار غەربىي تۈركىستاندىن، خىتايلار شەرقىي تۈركىستان-دىن چىقىپ كەتسۇن!»

«شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسمى شىنجاڭ ئەمەس.»

«تۈركىستان 100 مىليون تۈركنىڭ ۋەتىنىدۇر.»

«يوقالسۇن كوممۇنىزم! يوقالسۇن زۇلۇم!»

نامايىشچىلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازلىرى نيو - يورك ئاسمىنىنى بىر ئالدى.

نيو - يوركتىكى 9 دىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە ستانسىسى ۋە رادى-ئولار مەخسۇس پروگراممىلارنى هازىرلاپ، بۇ نامايىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئامېرىكا خەلقىگە كۆرسەتتى. مەركىزىي نيو - يوركتا بول-غان «ئامېرىكىدىكى تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتى» تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇ-رۇلغان بۇ نامايىش، باشقا قېرىنداش تۈرك جامائەتلىرى ۋە ئامېرى-كىدىكى باشقا ئەسىر مىللەتلەر جەمئىيەتلىرى تەرىپىدىن قىزغىن قار-شى ئېلىندى. تۈركىستانلىقلارنىڭ بۇ نامايىشلىرى، ئامېرىكا خەلق-لىرىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. تۈركلەرنىڭ مۇستەقىللىق

ھەسرىتى، نيۇ - يورك كوچىلىرىدا «پەرياد» ھالىغا كەلدى.

# كوممۇنىزم ئەڭ تەرەققىي قىلغان مۇستەملىكچىلىكتۇر

ئىقلىل قۇربان

بارلىق ئۆمرىنى ئىستىقلال ئۈچۈن سەرپ قىلغان رەھبەرلىرىمىزدىن ئابلىز مەخسۇم، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي كۈرەش ئەۋج ئېلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا ئۆيگە چاقىرغان مېھمانلىرىنى باغچىسى ئالدىدا قارشى ئېلىۋېتىپ:

— ئۆيۈم ئالدىڭىزلاردا، توپتوغرا مېڭىڭلار، ئوڭغا ماڭساڭلار قارا ئىت، سولغا ماڭساڭلار سېرىق ئىت چىشلەيدۇ، دەپتىكەن.

مەن قارا ئىت دەپ تىلغا ئالغان گومىنداڭ جۇڭگوسى دەۋرىنى، سېرىق ئىت دەپ تىلغا ئالغان كوممۇنىست جۇڭگوسى دەۋرىنى ۋە «ئۆلۈم» دەپ تىلغا ئالغان ئىستىقلال زامانىسىنىمۇ كۆرگەنمەن. ئېنىق چېگرىلار بىلەن بىر - بىرىدىن ئايرىلغان لېكىن پۈتۈن بۇ زىدديەتلەر ئىچىدىمۇ يالغۇز بىرلا غايە ئۈچۈن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەللىك يىلغا يېقىن ھاياتىمدا بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىرمۇ - بىر سېلىشتۇرۇپ، دەۋرىمىزگە ئائىت بىر مۇنچە خۇلاسىلەرنى چىقاردىم. بۇ خۇلاسىنىڭ بىرسى، دەل بۇ ماقالىمنىڭ ماۋزۇسىدۇر.

بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار، كوممۇنىزمدىن ئاۋۋال ئۆزلىرى مۇستەملىكە بولغان ئاچ بىر مىللەتنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدۇق. دۇنيادىكى باشقا ئەسىر مىللەتلەرگە نىسبەتەن بىزنىڭ ئەھۋالىمىز بەكمۇ

ياماں ئىدى. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى «قۇلنىڭ قۇلى بولۇشتىن كۆرە، باينىڭ قۇلى بولۇش تېخىمۇ ياخشى» دېگەن سۆز ئەنە شۇ ناچىق كۆنلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بىز چۈشكەن بۇ پالاكەت گىرداۋىنىڭ يالغۇز بىرلا ياخشى تەرىپى ھەقىقەتنىڭ ئوپ - ئوچۇق، ئاشكارا مەيدانغا چىقىشى ئىدى. ئۇنى ئىنتابلايدىغان بىرەر نەزەرىيە ياكى بىرەر كۈچ يوق ئىدى. ھەتتا خەنزۇلار شەرقىي تۈركىستانغا شىنجاڭ (يېڭى يەر) دەپ ئىسىم قويۇش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىشغالىيەتچى ئىكەنلىگىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلغانىدى. ئىككى ئەسىر داۋام قىلغان بۇ كلاسسىك مۇستەملىكچىلىك، شەرقىي تۈركىستانغا پەقەت ئىككى يۈز مىڭ خەنزۇنى ئېلىپ چىقالىغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىستىقلال كۆرىشىگە قارشى بەرداشلىق بېرەلمىگەن بۇ مۇستەملىكچىلىك بۈگۈن تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈلگەندى. ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا تارىخىي تەجرىبىلەردىن پايدىلانغان ۋە تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان مۇستەملىكچىلىك — كوممۇنىزم مەيدانغا چىقتى.

كوممۇنىزم كلاسسىك مۇستەملىكچىلىكنىڭ داۋامى بولۇش بىلەن بىللە بىر مۇنچە جەھەتتە ئۇنىڭدىن پەرىقلىنىدۇ. بۇ پەرقنىڭ ئەڭ ئوچۇق، ئەڭ يامان تەرىپى ئۇنىڭ ھەر خىل رەڭ ۋە ھەر خىل شەكىللەرگە ئىگە بولىدىغان ئىنتابىدۇر. بۇ ئىنتاب شۇنچىلىك كۆپ ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنكى، ھەسەتخورلارنى كۆشكۈرتىدۇ، قارىنى ئاق، ئاقنى قارا كۆرسىتىپ، ئالدانغان ئىنسانلارنى «سىنىپسىز كۆرەش» بىلەن «كوممۇنىزم جەننىتىگە» كىرگۈزۈش ئۈچۈن تەلۋىلەرچە كۆرەش قىلىشقا باشلايدۇ، بۇ كۆرەش، دۇنيا يالغۇز بىرلا ھۆكۈمرانىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغانغا قەدەر داۋام قىلارمىش. كوممۇنىستلارنىڭ بۇ جاھانگىرلىك غايىسى، بۈگۈنكى رۇس - جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ مەنبەسى ۋە بۇ زىددىيەتنىڭ چەكسىز داۋاملىشىشىنى

تەمسىلەيدىغان ئامىلدۇر.

بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاندا يىگىرمە مىليوندىن كۆپ خەنزۇ بار. بۇلار كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانغا كەلتۈرۈلگەن. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئىسمى «ئارقىدا قالغان يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئاكىلار» دۇر. ئۇلارنى «خىتاي» دەپ قويغان تۈركىستانلىقنى ئۆلۈم ياكى تۈرمە كۈتىدۇر.

1983 - يىلى قىزىل جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانغا تەكلىپ قىلىنغان تۈركىيىلىك پروفېسسور فاھىر ئارما ئوغلىنىڭ:

«شىنجاڭ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟» دېگەن سوئالىغا، «مېۋىلىك رايون دېگەن گەپ» دەپ جاۋاب بېرىلگەن. مۇنداق مىساللارغا قاراپ ئەقلىي جايىدا ھەر قانداق ئادەم كوممۇنىستلارنىڭ ھەقىقەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل يالغانلارنى ئويدۇرۇپ چىقىشتىن تارتىنمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايدۇ.

پەقەت يالغانلار ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلسىلا بولغىسى. ئەگەر بۇ يالغان چىنىپ قالغۇدەك بولسىلا، يالغانىنىڭ چېكى يوق بولغىنى ئۈچۈن باشقا بىر خىل يالغان بىلەن ئۇنى يېپىپ تاشلايدۇ. يالغاننى يالغان بىلەن يېپىش، جىنايەتنى جىنايەت بىلەن يوشۇرۇش كوممۇنىستلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇسۇللىرىدىن بىرى.

بۇ خىل رەڭمۇ - رەڭ يالغانلار، قاتمۇ - قات جىنايەتلەر داۋام قىلىۋەرگەچكە، بىزنىڭ بەزى يۈرەكلىك زىيالىيلىرىمىز يۈرىكىدىن چىققان پىكىرلىرىنى جېنىنى تىكىپ تۇرۇپ، ئوتتۇرىغا ئېيتىشتىن يانمىغان. مەسىلەن: ئابدۇرەھىم ئەيسا: «كوممۇنىستلارنىڭ مۇختارىيەت رايونى بولغىچە ئىنگلىزلارنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ياخشىراق»

دېگەنلىكى ئۈچۈن دەل خەنزۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

مىللىي داۋالارنى توساش ئۈچۈن: «يىدۇرۇپ چىقىرىلغان «كوممۇنىزىمغا بارغاندا مىللەت يوقۇلىدۇ» دېگەن نەزەرىيىگە قارشى ئەيىدۇللا: «مىللىتىم يوقۇلۇپ كېتىدىغان ئىش بولسا، مەن ئۇ يەرگە بارالمايمەن» دېگەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

كوممۇنىستلار ئۆز ئىشلىرى، نەزەرىيىلىرى ئۈستىدە تىنك تۇرىشىدۇ. ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويىسىڭىزلا بولدى، سىزنى شۇ زامان جازاغا تارتىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇرۇنلاردا ئوغرى ۋە پاھىشىۋازلارغا ئوخشاش يامان ئادەملەرنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى، ئۇلارنىڭ گۇمانخور ۋە ھوشيار بولۇشىدا دېيىدىغان. بۈگۈن مەن ئەنە شۇ يامان ئادەملەر قاتارىغا «كوممۇنىست» دېگەن ئىسمنى قوشماقچىمەن.

مەيلى بىر مەملىكەت ئىچىدە بولسۇن، مەيلى خەلقئارادا بولسۇن بۈگۈنگىچە كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىغان ياخشى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاخىرى ئاچچىق نەتىجىلەر بىلەن تاماملانماقتا. كوممۇنىستلار بىلەن ھەمكارلاشقان سىزن جۇڭشەن ۋە رۇزۋېلىتنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ھەممىگە مەلۇم. ئەگەر غەربلىكلەر، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ستالىن بىلەن گىتلىرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان بولسىدى، بۈگۈن دۇنيادا سوۋېت تەھدىدى دېگەن بىر نەرسە قالمىغان بولاتتى.

بۈگۈن مېنىڭ بەزى يۇرتداشلىرىم، خەنزۇلارنىڭ ساختا تەبەسسۇملىرىغا ئالدىنىپ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان بەزى ئىمكانىيەتلەرنى تەمە قىلىپ، خەنزۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان «مۇختارىيەت - ئاپتونوم رايونى» سۆزىنى ئىبغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدۇ. دادىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، ئانىمىزنى زورلاپ ئالغان ئۇ خىتايلار ھازىر خۇددى بىزنىڭ دوستىمىز بولۇپ قالغاندەك ... مېنىڭ ۋەتىنىمدە

ھازىر ئادەم دېسەڭلار — خىتايلار، ھاكىمىيەت دېسەڭلار — كوممۇنىزم مەۋجۇت. بۇ ئەھۋال ئاستىدا «ئاپتونوم» دېگەن بىر نەرسىنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. سۆزدە دېيىلگەن ھالەتتىمۇ ئۇ يالغۇز بىر يالغاندىنلا ئىبارەت.

قان يامغۇرى بىلەن جەسەت يۇرتىغا تولغان شۇ ئېچىنىشلىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن ئەي مېنىڭ بىچارە قېرىنداشلىرىم! ھەممە نەرسە ئۆزگىرىدۇ. تاغ پەسىيىدۇ ۋە دېڭىز قۇرۇيدۇ. بىراق ئۆزگەرمەس بىرلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ خەنزۇلارنىڭ خاراكتېرى. ئەگەر سىلەرنىڭ تۇغۇرلىرىڭلاردا تۈرك قېنى بولىدىغانلا بولسا، ئۇلۇغ بۇۋىمىز بىلگە قاغاننىڭ مۇنۇ سۆزىگە قۇلاق سال:

«جۇڭگولۇق (خىتاي) لارنىڭ سۆزى تاتلىق، ئىپەك رەختى يۇمشاق ئىمىش. تاتلىق سۆز بىلەن يۇمشاق ئىپەك بىلەن ئالداپ يىراقتىكى مىللەتلەرنى يېقىنلاشتۇرغان ئىكەن. يېقىنلاشتۇرۇپ ئۇستىگە چەقىۋالغاندىن كېيىنلا، يامان ئىشلارنى ئاندىن ئويلايدىكەن. ياخشى بىلىملىك ئادەمنى، ياخشى جەسۇر ئادەمنى ئىلگىرى باستۇرمايدىكەن. بىر ئادەم يېڭىلسە، قەبىلىسى، مىللىتى، تۇغقانلىرىغىچە ياشاتمايدىكەن. تاتلىق سۆزگە، يۇمشاق ئىپەك رەختكە ئالدىنىپ كۆپلەپ تۈرك مىللىتى ئۆلدۈڭ، تۈرك مىللىتى ئۆلسەن!»

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى «ياردەم قىلىش، قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلدۇق» دەپ ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ جەسۇر ئىنسانلىرىمىزنى ئۆلتەرمىدىمۇ؟ دادىسى ئۈچۈن ئوغلىنى، ئېرى ئۈچۈن خوتۇنىنى جازالىمىدىمۇ؟ ۋەتىنىمىزنى تۈرمە ۋە لاگىرلار بىلەن توشقۇزمىدىمۇ؟ بىر پارچە نانغا ئىگە بولۇپ ياشاشتىن باشقا ھېچنەرسىنى ئويلىمايدىغان، قولىدا بىر پارچە تۆمۈرى يوق مىڭلارچە قېرىنداشلىرىمىزنى ئاپتوماتلار بىلەن توپلاپ ئۆلتۈرمىدىمۇ؟ دۇنيادا بۈگۈن مېنىڭ ۋەتىنىمدىن

بەتتەر خورلانغان بىر دىيار، مېنىڭ ۋەتەنداشلىرىمدىن بەتتەر ئەسىر ھالەتتە ياشاۋاتقان خەلق بارمۇ؟

قان ئىچكىچىلىكى بىلەن زامانىمىزنىڭ فراۋونى دەپ ئاتالغان ماۋغا، قىزىل جۇڭگو ھازىرغىچە ئۇلۇغ داھى دەپ مەدھىيلەپ 1983 - يىلى دېكابىردا بېيجىڭدا ئۇنىڭ 90 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەنتەنە بىلەن تەبرىكلىگەن چاغدا، بىز شۇ ھەقىقەتنى ئۇچۇق چۈشۈنىشىمىز كېرەك: «زالىم ئالقىشلانغان يەردە، ئادالەت بولمايدۇ!».

# ئىسلام تارىخى، سەنئەت ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى

دوكتۇر ئەكمەلەدىن ئىھسان

1980 - يىلى ئىستانبولدا بىر خەلقئارا مەركەز ئىشقا كىرىشتى. بۇ ئىسلام كونفىرانسى تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي قاتلام جەمئىيىتى بولغان ئىسلام، تارىخ، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزىدۇر.

ئىسلام كونفىرانسى تەشكىلاتى، ئىسلام دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا يېقىنلىشىش ۋە مەسلىھەتلىشىشنى ئاساسىي غايە ھېسابلىماقتا. بۇ غايىگە يېتىش ئۈچۈن، ياردەم قىلىش مەقسىتىدە ھەر خىل تەتقىقات مەركەزلىرىنى قۇرماقتا، بۇ مەركەزلەرنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ بىر - بىرىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە، دوستلۇق ئالاقىلىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە ئورتاق دەرتلىرىگە چارە تېپىلىشى قولغا كەلتۈرۈلمەكتە.

ئىستانبول مەركىزىنىڭ تارىخ ، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن كونفېرانسنىڭ بۇ مۇھىم غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

ئىستانبولدا بىر تەتقىقات مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش تەكلىپى تۇنجى قېتىم 1976 - يىلى ئىستانبولدا ئېچىلغان 7 - نۆۋەتلىك ئىسلام دۆلەتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرىنىڭ كونفېرانسىدا تۈرك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

1978 - يىلى داككادا ئېچىلغان 9 - نۆۋەتلىك ئىسلام دۆلەتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى كونفېرانسى تەرىپىدىن بۇ مەركەزنىڭ قۇرۇلۇشى لايىھىسى قوبۇل قىلىنغانىدى. بۇ مەركەز - ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ يۈتمەس مىراسى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى مەنبەلىرى ئۈستىدە قېرىنداشلىق ۋە سەممىيلىككە تايانغان بىر ۋاستە بەرپا قىلىش ۋە ئىسلامىيەتنىڭ جاھان مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى باھالاش ئۈچۈن تۈپلىنىدىغان يەردۇر.

لايىھەدە بۇ مەركەزنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىلگەن:

1. ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى پروفېسسورلار، تارىخچىلار، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتچىلەرنىڭ قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا چۈشىنىش ۋاستىسى تېپىش ئۈچۈن، ئورتاق مىراس ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان بىر جەمئىيەتنى قۇرۇش.

2. بەزى چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تارىخى، سەنئەت ۋە مەدەنىيىتىگە قارىتا پەيدا قىلغان توسالغۇلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى تارىخچى ۋە يازغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشقا شەرت ھازىرلاش.

3. مۇسۇلمان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سەممىي قېرىنداشلىق ۋە

چۈشىنىش ھاۋاسى يارىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كىتاب ياكى ژۇرنالدا ئېلان قىلىش.

4. بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئەسلىلىرى ئارىسىدا خاتا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان خاتا مەزمۇنلارنى تۈزىتىش.

5. بۇ مەركەزگە ئەزا دۆلەتلەردىكى ئالىملارنى ۋە يازغۇچىلارنى بىر يەرگە توپلاش ئۈچۈن، كېرەكلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىش.

6. ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى باشقا تەتقىقات مەركەزلىرى بىلەن داشۆلەر ئوتتۇرىسىدا تارىخ، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ۋە كىتاب ئالماشتۇرۇشنى قوللاش.

7. ئىسلام كونفىرانسى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىرسىدە ياكى مەركەزدە بەلگىلەنگەن مۇددەت بويىچە ھەر خىل يىغىنلارنى ئېچىپ تۇرۇش، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئەزا مەملىكەتلەرنىڭ بىرسىدە تارىخ، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلتايلىرى ئېچىش.

8. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ، تارىخ، سەنئەت ۋە مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى تونۇشتۇرۇپ كېڭەيتىش ئۈچۈن نەشرىيات ئورگانلىرى قۇرۇش ۋە ئۈچ ئايلىق ژۇرنال چىقىرىش.

مەركەز بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تۈگىتىشكە تىرىشىۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ نىشانىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىنى تەكشۈرمەكتە ۋە بىر قىسمىنى ئۇتۇقلۇق تاماملىماقتا. مەركەزنىڭ ئۇتۇقلۇق ھالدا تاماملىغان ئىشلىرىنىڭ بىرسى، 1983 - يىلى 4 - ئايدا ئىستانبولدا ئېچىلغان ئىسلام سەنئەتلىرى خەلقئارا يىغىندۇر. «ئىسلام سەنئىتىدە ئورتاق ئاساسلار، شەكىللەر ۋە تېمىلار» تەتقىق قىلىنغان بۇ يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىن يۈزدىن ئارتۇق ئىلىم ۋە سەنئەت

خادىملىرى قاتناشتى ۋە 40 دىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئوقۇلدى.

بۇ مەركەزنىڭ ئۈچ خىل تىلدا نەشر قىلدۇرغان خەۋەرلەر ژۇرنىلى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئادرېسقا يوللانماقتا. مەركەز تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان لايىھەلەردىن يەتتە خىلى يولغا قويۇلدى، يەتتە خىلى داۋاملىق يولغا قويۇلۇش ئالدىدا. مەركەز بىر قىسىم ئىشلىرىنى باشقا جەمئىيەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق كۆرمەكتە.

مەركەز ھەر دائىم تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندىن ياردەم قىلىشىغا ئېرىشمەكتە.

ئىسلام مەركىزىنىڭ ھازىرلىقلىرىنى جىددىي قىلىۋاتقان يەنە بىر ئىش شۇكى، ئىسلام كونفېرانسى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر ئىشلارنى چىڭ تۇتۇش، كونفېرنسى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت مەسىلىسى ۋە شۇ رايونلاردىكى ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە سەنئەت ئەسەرلىرى مەسىلىسى ئۈستىدە ئىنتايىن جىددىي تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولماقتا. مەركەز، بۇ مەسىلىلەرنىڭ، مەسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، قانداق تەتقىق قىلىنىشى لازىملىقىنى، قولغا كەلتۈرۈلىدىغان نەتىجىلەر بىلەن ئېرىشىدىغان ئۇتۇقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەن ئالاھىدە پروگراممىلارنى ھازىرلىماقتا.

××××

« چولاق مىللىي بۆلگۈنچى پانتۈركىس ئەيسا ئالپتېكىننىڭ تۈركىيەگە چىققاندىن كېيىن سۆزلىگەن سۆزلىرى، ئېلان قىلغان بايانلىرى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارغا، خەلقئارا ھەر خىل يىغىنلارغا، ئىسلام دۆلەتلىرى باشلىقلىرىغا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش كاتىپلىرىغا، گومىنداڭ ھۆكۈ-

مەت دائىرلىرىغا يوللىغان بەيۋاگلولىرى شۇنداقلا 1970 - يىلى دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە زىيارەتكە بېرىپ، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى توغرىلىق ھەرىكەتتە بولغانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىنىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىنسانلىقنى ياردەم تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن تېمىدا بىر كىتاب نەشر قىلىندى. بىز بۇ يەردە شۇ كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قىسمىنىلا ئېلىپ باستۇق.)

# 1970 - يىلى دۇنيا زىيارىتى ھەققىدە تۈركىيە ئاخبارات ئورگانلىرىغا خىتاب قىلىنغان بايانات

تۈركىيە ئاخبارات ئورگانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە: بۇندىن تەخمىنەن 13 ئاي ئاۋۋال شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق كۆرەشى ھەققىدە زۆرۈرى بايانات ئېلان قىلىش ئۈچۈن سىزلەرگە «خوش» دەپ تۈركىيەمىزدىن ئايرىلغانىدۇق. 7 ئاي داۋام قىلغان زىيارىتىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنى، تەسىراتلىرىمىزنى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى سىزلەرگە ۋە سىزلەر ئارقىلىق ئەزىز مىللىتىمىزگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى مىللىي بۇرچ دەپ ھېسابلاۋاتىمىز.

7 ئايلىق زىيارەت جەريانىدا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكىدا 14 مەملىكەتنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتى بولدى، ئاۋىستىرىيە، غەربىي گېرمانىيە، شىۋىتسىيە، بېلگىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، شياڭگاڭ، مالازىيا، ھىندونېزىيە، تايلاند، ھىندىستان، كەشمىر، لىۋىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار زىيارەت قىلىنغان يەرلىرىمىز بولدى.

نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، يۇقىرىقى زىيارەتنى ئېلىپ بې-

رىشقا مەجبۇر بولدۇق.

زىيارىتىمىزنىڭ زۆرۈرى سەۋەبلىرى: ئۆۋەتتە جۇڭگو زالىملىرى بە-
لەن رۇس قاتىللىرى تۈركىستاننى تىرىمۇ - يادرو سوقۇشى مەيدانىغا
ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. زىيارىتىمىزنىڭ رۇس ۋە جۇڭگو جاھان-
گىرلىكىنىڭ يادرو ئۇرۇش قوزغىشى ئېھتىمال بولىۋاتقاندا ئېلىپ بېرى-
لىشى، بۇ فاجىئەنى توسۇش ئۈچۈن، بىر ئاز بولسىمۇ ۋاقىت ئۆت-
كۈزۈش ئىدى.

جۇڭگو شوۋىنىزمىنىڭ مىللىي قىرغىنلىق سىياسىتى شىددەتلىك سۈ-
رەتتە كۈچىيىۋاتقان شارائىت ئاستىدا، يوق بولۇش تەھلىكىسىگە
گىرىپتار بولغان بىر مىللەتنىڭ ئاھ - زارىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تۇي-
غۇزۇشنى مۇۋاپىق دەپ ھېس قىلماقتىمىز.

شەرقىي تۈركىستاندىن ئاران قېچىپ قۇتۇلغان يۇرتداشلىرىمىز-
نىڭ بەرگەن خەۋەرلىرى، دۇنيا خەلقىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجا-
يىپ - غارايىپ ۋەقەلەر بىزنى ئىمكانىيەتلىرىمىز سىرتىدا ساياھەتكە
مەجبۇر قىلدى. ئالغان خەۋەرلەر شەرقى تۈركىستاندا خەلقىمىزنىڭ
جۇڭگو زۇلمى ئالدىدا ئومۇمەن باشقا يول قالمىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ
تۇرۇپتۇ. ئۇلار سىرتتىن ھېچقانداق ياردەم بولمىغانلىقتىن، يۈز ئۆ-
ۋەتلەپ قوراللىق قوزغىلاڭغا جېنىنى قولغا ئېلىپ تۇرۇپ قوشۇلۇشقا
ھازىرلاندى.

ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا مۇنداق بىر قاراش ئومۇمىيۈزلۈك
ساقلانماقتا: «ئەگەر تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىز، ئىسلام دۇنيا-
سى ۋە ئەركىن دۇنيا مەنىۋى ياردىمىنى ئايايدىغان بولسا، بىزنى
جۇڭگونىڭ زۇلمىغا تاشلىۋەتمەي، ئۆزلىرى ئۆلتۈرۈپ تۈگەشسۇن...»

ئىنسانلار بۇنداق پەريادقا قۇلاق سېلىشى لازىم ئىدى. بىز ئە-
نە شۇنداق قۇلاقلارنى ئىزدەش ئۈچۈن دۇنيا سەپىرىگە چىققان ئە-

دۇق.

قىزىل جۇڭگونىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ ھەر قايسى دۆلەتلەرگە سۈرگۈنۈپ يۈرگەن يۇرتداشلىرىمىز «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىستىقلال» مەسىلىسىنى ئەركىن دۇنياغا تونۇتۇش كېرەك دېگەن تونۇشتا ئىدى. شەرقىي تۈركىستانغا ئوخشاش تىبەت بۇددىست دۇنياسىنىڭ زور ياردىمى ئارقىسىدا ئەركىن دۇنيانىڭ غەمخورلۇقىنى قازاندى. تىبەت مەسىلىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەرگە 3 قېتىم سۇنۇلدى. مۇھاجىرلىرىغا ماددىي، مەنىۋى قوللايلىقلار يارىتىلدى. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھېچبولمىسا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا سۇنۇش، مۇھاجىرلارغا ياردەم قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىش، بىرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ كېچىكىپ قالغان بولسىمۇ، كېرەكلىك ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا بەك زۆرۈر بولۇپ قالدى. مانا يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن بىزنىڭ زىيارەت قىلىشىمىزنى مۇھىم دەپ بىلدۇق.

زىيارەت ۋە ئۇچرىشىش: زىيارىتىمىز جەريانىدا ھۆكۈمەت رەئىسلىرى، مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئەرباپلىرى، ئىلىم ۋە دىنىي ئادەملەرى بىلەن بەزى مىللىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ئارقىلىق ئۇچرىشىشقا توغرا كەلدى. دۆلەت رەئىسلىرىگە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش كاتىپىغا مەسىلىمىزنى ئوچۇق تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن مۇختىرالىرىمىزنى سۇنۇشقا مۇيەسسەر بولدۇق.

زىيارەت قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئاخبارات، رادىئو - تېلېۋىزىيون ئورگانلىرى ئارقىلىق دەردلىرىمىزنى بىلدۈرۈش ئىمكانىنى ياراتتۇق. ھەر خىل دوكلات يىغىنلىرى، سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈپ «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىقى» مەسىلىسىنى چۈشەندۈردۇق.

تۈركىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ شۇ مەملىكەتلەردىكى ئەھۋالىنى ئۆگەندۇق، بەزى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلدۇق، تەلەپلىرىمىزنى سۇن-

دۇق، رۇس - جۇڭگو ئەسىرى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشتۇق.

ئۇچرىشىشلار ۋە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر:

زىيارەت ئارقىلىق تۈركىستان خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالىنى زىيارەت قىلغان دۆلەت كىشىلىرىگە بىلدۈرەلىدۇق. جۇڭگو جاھانگىرلىكىنىڭ ۋەھشىيانە نىيەتلىرىنى ئاشكارا قىلدۇق. دۇنيا تىنچلىقىنى ساقلاشتا تۈركىستاننىڭ مۇھىم ئورنى تەپسىلىي، ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈلدى. مەسىلىمىزگە ئۆڭۈل بولىدىغان ئادەملەر بىلەن تېخىمۇ يېقىن ئالاقە باغلاندى. ئەركىن دۇنيادىن بىر مۇنچە نوپۇزلۇق ئادەملەرنى قولغا كەلتۈردۇق. سىرتتىكى مۇھاجىرلارنىڭ ئەھۋاللىرى شۇ مەملىكەت رەھبەرلىرىگە ئاڭلىتىلدى، ئەسىر مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كەڭ - كۆلەمدە ئالاقە ئورنىتىلدى. بۇ ھەقتە ئەركىن دۇنياغا ئوبدان مەلۇمات بېرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

ياخشى نىيەتلىك دوستلارغا رەھمەت ۋە تەلەپلىرىمىز:

زىيارەت جەريانىدا دوستلۇق ھېسسىياتىنى كۆرسەتكەن شەخسىيلەرگە، دۆلەتلەرگە، تەشكىلاتلارغا رەھمەت ئېيتىش بىر بۇرچىمىزدۇر.

ھىندونېزىيەدە، ھىندونېزىيە مىللىي مەجلىسى رەئىسى گېنېرال ئامىدۇل فارما تاسوتىيون، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئادام مالىك، پارلامېنت باشلىقى ھاجى ئەخمەت شىزاكمۇ، بىزگە بۈيۈك ئىمكان ياراتقان ھىندونېزىيە سابىق باش مىنىستىرى، دۇنيا ئىسلام كونگرېسىنىڭ 2 - مۇئاۋىن باشلىقى دىكتور مۇھەممەت ناسىر، مالايشىيا باش مىنىستىرى ئابدۇراخمان ۋە باشقا دۆلەت ئادەملىرى، ھاجى

ئبراهىم ماغا ، مالايشىيا ئىسلام كوللىگىيە باشلىقى سەيىت ئابدۇلجەلىل ، دۇنىيا ئىسلام كونگرىسى باشلىقى ئىمىن ئەل ھۇسەينى ، تايلاندتا باش مىنىستىر قىئەلىت مارشال ئەپاندىم ، ئىبرايىم قۇرەيش ؛ ياپونىيىدە ، ئامېرىكىدا تۈركىستان مەسىلىسىنى تونۇشتۇرۇشتا چوڭ غەيرەت كۆرسەتكەن دوكتۇر مىلتون ، ئامېرىكا پارلامېنت باشلىقى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتى ياراتقان مىللەت ۋەكىلى رىجھارت قاتارلىقلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز .

ئۇندىن باشقا بىزگە ھەر جەھەتتىن ، ئومۇمىي يۈزلۈك ياردەم قولىنى ئۇزاتقان ، ياخشىلىق ھېسياتىنى ، خۇشال چىرايىنى ئىپادە قىلغان پۈتۈن دوستلارىمىزغا ، قەدىرلىك ھىمداشلىرىمىزغا پۈتۈن نەسىر مىللەتلەر نامىدىن تۈگىمەس سالام ۋە ھۆرمەتلىرىمىزنى بىلدۈرۈپ ئۆتىمىز .

ھۆرمەت بىلەن : ئەيسا ئالىپتېكىن

شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق باش كاتىپى

1971 - يىل مارت

( ئامېرىكا جاسۇسى ، شىنجاڭدىن تۈركىيىگە قېچىپ كېتىپ شۇ يەردە ئۆلگەن ئالىپتېكىن باندىت ئىنى بىلەن « شەرقىي تۈركىستان » مۇستەقىللىقى توغرىسىدا شىنجاڭدىكى بىر قىسىم قازاق زىيالىيلىرىغا ئىككى قېتىم خەت يېزىپ ، ئۆزىنىڭ « قازاق قېرىنداشلىرىغا خىتاب قىلغان مۇراجەئەتنامىسى » نىڭ مەزمۇنىنى شەرھىلىگەن ۋە دۇنيادىكى قازاقلارنى بىرلەشتۈرۈپ ، بىر قازاق ئىمپېرىيىسى قۇرۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان . قالىپنىڭ 83 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋە 85 يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يازغان بۇ ئىككى پارچە خېتىنى رەھبەرلىكنىڭ

مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئەينى بويىچە باستۇق.)

## قالبىڭنىڭ خېتى

يىراقتىن يازغان قىممەتلىك خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئوقۇدۇم ۋە سىزلەرنى خېلى چۈشەنگەندەك بولدۇم. بەزى تارىخىي بۇرۇلۇشلار ئارقىلىق بىزنى ئويلاندۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكەن رېئال دۇنيانى ئەسكە چۈشۈرۈپ، بىزنىمۇ ئۆزىڭىزگە خەت يېزىشقا مەجبۇرلاپ قويۇپسىز.

سىزنىڭ تەلپىڭىزگە بىنائەن، ئۇخلاپ ياتقان ئويلارنى ئازراق ئويغىتىپ قويايلى. مەن بېسىپ ئۆتكەن 70 يىلنىڭ يېرىم ئەسىرى ئارزۇ - ئارمانغا، مۇڭ - زارغا، ئازاب - ئوقۇبەتكە تولغان، سەرسانلىق، خەۋپ - خەتەرلىك ۋە زۇلمەتلىك قەيەردە ئۆتكەن 50 يىل بولدى.

ئەمدى خۇددى ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، ھەجگە بېرىپ، بەش ۋاقىتلىق ناماز ئوقۇپ يېتىۋاتىمەن.

كەرىم ئەپەندى، ئاتاڭنىڭ «بەزىلەر تۇغۇلىدۇ، بەزىلەر ۋاقىتسىز دۇنيادىن كېتىدۇ، خەلق، قەۋم، زامان ئۆز يولى بىلەن ماڭىدۇ. ھېچبىر ئادەم دۇنيانىڭ باقىيۋەندى خوجىسى بولالمايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بىزنىڭ بېشىمىزدىن تېخى چىققىنى يوق.

شۇڭا، بېشىمىزدىن ئۆتكەن يېرىم ئەسىرلىك ھەقىقەتنى ئوق بىلەن ئۆلچەپ، قان كەچكەن كۆڭۈللىرىمىزنى تاكى بۈگۈنگە قەدەر «كەينى قانداق بولار» دەپ كۆزەتمەكتىمەن. جياڭ جېشىنىڭ شەرقىي

تۈركىستانغا ئەۋەتكەن خۇزۇڭنەن ئارمىيىسىنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ باغرىلىرىدا ئوق بىلەن، قىلىچ - نەيزە بىلەن، تاياق - كالتەك بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆلتۈرۈۋېلىپ، قورقۇنۇچلۇق جۇڭگو باندىتلىرىنىڭ بىگۇناھ قازاقلارنى ئىككى يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئېزىپ قىرغانلىقى ئۈچۈن، سانىمىزنىڭ ئازلىقىغا قارىماستىن، مىللىي زۇلۇمغا قارشى مىللىي ئىنتىقام ئالغان كۈنى بۈگۈنگە قەدەر قازاقلار ئۈچۈن ئېچىلغان ھەقىقەتنىڭ بىرلا يوچۇقى بولغان بولسا كېرەك، دەپ يەكۈنلەيمەن.

بېشىمىزدىن ئۆتكەن يېرىم ئەسىرلىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردە، توغرىسىنى ئېيتساق، بىز ئىنسانىيەت ئالدىدا ياكى قازاق قېرىنداشلار ئالدىدا ئۆزىمىزنى گۇناھكار دەپ ئېتىراپ قىلمايمىز، 1738 - يىلى زوزۇڭتاڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەندىن تارتىپ، بۈگۈنگە قەدەر بولغان 245 يىللىق تارىختا مىللەتچى كۈچلۈك دۆلەت ئامىللىرىنىڭ ئىككى يېرىم ئەسىرلىك قىرغىنچىلىقىغا پەقەت بىر قېتىملا جاۋاب قايتۇرغانمىدۇق.

بىزنىڭ ئۇ چاغدىكى مەقسىتىمىز بۈيۈك ۋەتەندىشىمىزنى بىراقلا تاشلىۋەتمەسكمۇ، مىللىي ئىچكى ئىگىدارچىلىقىمىز ئۆز قولىمىزدا بولسا، تاشقى مۇداپىئە، مەملىكەت سېنىڭ قولۇڭدا بولسا دېگەن شۇ زاماننىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئۇيغۇن ئاممىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۆلكىمىزدىكى سىياسىي تۈلكىلەر، سىياسىئون ئەزمىلەرنىڭ ئىزىنتۇلۇق كېسىلى، تۆپەيلىدىن، بارلىق ياخشى ئىشلىرىمىز يامان ئىشقا ئايلىنىپ كەتتى.

كەرىم ئەپەندى:

شۇنچىلىك ئۇزاق تارىخ بىزگە، شۇنىڭدەك قازاقلارغا بىر سىياسىي ئەرباب يارىتىپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، رۇس شوۋىنىزمچى

باندىتلار ئۈچ ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، بولۇپمۇ كېيىنكى يېرىم ئەسىر ئىچىدە، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە سېلىپ خورۇتۇپ كەلدى. خۇددى ئابايىنىڭ:

باتۇر كۆپ بولسا.
قازا كۆپ بولۇر،
ئاخىرى ھەممىسى يوقۇلۇر.

دېگىنىدەك، بىزنىڭ دۇنيانىڭ بۆلۈكلىرىدىن ماكان ئىزدەپ، تۇغۇلغان يۇرتىنى، ئۆسكەن ئەلنى تاشلاپ «جەم بولۇپ» يۈرگىنىمىز مۇشۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان تۆت مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئوشۇق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ ماكانلىرىمىزدىن بىرى بولغان تۈركىستان ئۆلكىسىدە بىزنى بۇ زامان ئالقاندەك بىر پارچە يەرگىمۇ زارىقتۇرۇپ قويدى. رۇس باندىتلىرىنىڭ قارىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىستاندا قازاقلارنىڭ ھەققى يوق ئىمىش. كۈچلۈك دۆلەت باندىتلىرى مىلتىققا تاياندى، تارىخ ھەقىقەتلەرنى ئوق بىلەن ئوجۇقتۇردى، ئۆز مىللىتىنى خالىغانچە كۆپەيتىپ، ئادەم ئېيتقۇسىز سانلارغا يەتكۈزدى، تۈركىستان مىللەتلىرى ئىچىدىكى قازاقلارنى قىرىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ كۈچلۈك دۆلەت باندىتلىرى يەر، سۈيىمىزنى تارتىۋالغان تۇرۇقلۇقمۇ، ھازىرغىچە بىزگە يەنە باندىت دەپ قالپاق كەيگۈزمەكتە.

كەرىم ئەپەندى:

خېتىڭىزدە «تارباغاتايىنى ئىتىرەتكەن ساۋەن ئىنقىلابى» توغرىسىدا گەپ ئېچىلغانىكەن. ئۇ چاغدا ساۋەندىكى ھەرىكەتلەرنىڭ تارىخي ئەھمىيىتى بولۇپ، ئۇ ئۆز بېشىدىن بىر جەرياننى ئۆتكۈزگەنىدى. مەن مۇشۇ خېتىمدە سىزگە ۋە سىزگە ئوخشاش قازاقلارنىڭ ئىلغار پىكىرلىك، سىياسى سەۋىيىسى بار، ئاڭلىق ئۇلۇغ كىشىلىرىگە

يۇرىكىمدە ساقلانغان بىر سىرنىڭ ئۇچىنىلا چىقىرىپ قويىاي. سىزلەر بۇ چاغدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئىپتىقاد مەسلىسىنى ئويلىشىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي ئاساستا قايتىدىن رەتلەپ چىقىشىڭىزلار كېرەك. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، «ئاكسىز جەريانلارنى يىغىنچاقلاپ، ئاڭلىق جەريانغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن» سىزلەردە ئاز بولسىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىلمىي پاكىت بولۇشى كېرەك ئىدى.

چۈنكى قالىبىك قامزىنىڭ ساۋەندىكى ھەرىكەتلىرى ستىخىيىلىك ھەرىكەت ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۆز بېشىدىن بىر جەريانىنى ئۆتكۈزگەن، تارىخىي ئەھمىيىتى بار، خەلقئارا جەھەتتىن ئىلمىي تۈس ئالغان نەق ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئىدى.

بۇنىڭ نامىنى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دېمۇ ئاتاپ كەلدىڭىزلەر. ئۇنىڭ ئەينىدە شىمالىي، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈچ ۋىلايەتىدە قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىمۇ ئەمەلىيەت ئىدى. ئۈچ ئەسىردىن بۇيان تۈركىستانى يالماپ، يۇتۇپ كېلىۋاتقان رۇس باندىتلىرى ئۇ ھۆكۈمەتنى بەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ كېينكى جەريانىنى كەرىم ئەپەندى سىز قاتارلىق ئىلمىي ئادەملەر شۇ مەزگىلدە چۈشىنىپ يەتكەن دەپ ھېس قىلمەن. شۇڭا شۇ ئىنقىلابنىڭ ئىپتىقاد مەسلىسىنى سىزنىڭ ئېسىڭىزگە سېلىپ قويىاي، سىز خېتىڭىزدە شۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلغاندەك قىلىسىز، قېنى بولمىسا كەرىم ئەپەندى قۇلاق سېلىڭ:

1919 - يىلى 3 - ئايدا خەلقئارادا ئېزىلگەن مىللەتلەرنى ئازادلىققا چىقىرىدىغان ئىنتېرناتسىئونالىزم دېگەن تەشكىلات قۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭ سولچىللىرى شەرق ئەللىرىدە، جۈملىدىن جۇڭگودىمۇ بىر سىياسىي تەشكىلات قۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇلار بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستانىمىزغا بىر مۇنچە ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، كۆپلىگەن خىزمەت-

لەرنى ئىشلەپ، 1932 - يىلىنىڭ باھارىدا شەرقىي تۈركىستان مۇس-
تەقىل جۇمھۇرىيىتى دەپ خەلقئارالىغا جاكارلاندى. مۇشۇ ھەرىكە-
لەرنىڭ كېيىنكى جەريانىدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا رۇسلارنىڭ
سىياسىي بېدىكلىرى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ سىياسىي بېدىكلىرىنىڭ
يىغىن چاقىرىشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭ دەپ ئاتالغان بۇ ئۆلكە يۈز
مىڭلىغان ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ يۈز مىليونلىغان قويلىرى،
مىليونلىغان توننا نېفىت، ئالتۇن - كۈمۈش، رەڭلىك مېتاللىرى،
مىليونلىغان توننا ئاشلىق، يۇڭ، پاختا ۋە باشقا خام ئەشيالىرى
رۇس باندىتلىرىنىڭ گېپا ما كىرىپ كەتكەنىدى.

1932 - يىلى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ
رەھبىرى بولغان مەرھۇم غوجا نىيازنىڭ ئادانلىقى تۈپەيلىدىن، ئە-
سىرلەر بويى ئىگىسىز قېلىپ، تۇل ئۆتكەن شەرقىي تۈركىستان ئۆز
ئىشىنى ئاياغلاشتۇرغانىدى.

1941 - يىلى نېمىسلار رۇسىيە فاشىستلىرىغا بېسىپ كىرگەندە،
رۇسلار ئۆز زېمىنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئايرىلغانىدى. شىڭ
شىسەي باندىتلىرىمۇ، ئەمدى رۇسىيە يىقىلسە تالادا قالىمىز دەپ،
1942 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ رۇسلار بىلەن بولغان كېلىشىمىلە-
رىنى بۇزۇپ، جياڭ جېيشى غەربىي بەش ئۆلكە سىلىكيۈەسى قاراقچى
جۇڭشياۋلياڭ بىلەن يوشۇرۇن كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر جەددىي
پەيتتە، تارىخ بىزگە يەنە بىر ئېنىم ئۈگۈشسىز كېلىپ قالغانىدى.

1944 - يىلى 5 - ئاينىڭ بېشىدا ئالتايدا 3 - كومىتېتىن ۋە-
كىللىرىنىڭ يوشۇرۇن كېڭەشلىرىنى ئۆتكۈزۈشىگە شىڭ شىسەي باندىت-
لىرىنىڭ رۇس باندىتلىرىدىن چەتنىشى چوڭ سەۋەب بولغانىدى. ئال-
تايدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ كېڭەشلەر تارباغاتاينىڭ ساۋەن ناھىيىسىدە
تۇرۇۋاتقان مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى.

مېنىڭ شەخسى ئۆزەمدە شەرقىي تۈركستاننىڭ مىللىي ئازادل
ھەرىكىتى ئۈچۈن دەيدىغان ئىشتىام تۇيغۇسى بولغانلىقتىن، ئې
چاغدىكى ۋەزىيەت مېنىڭمۇ كېرەككە كېلىشىمنى تەلەپ قىلغانلىقتىن
ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقنىڭ ئارا كېلىشىم ۋە باياناتلار بولغانلىقتىن، مۇش
ھەرىكەتنىڭ بىر مەسئۇل ئادىمى بولۇپ خىزمەت قىلىشقا، كۈچۈمنى
ئېيتقاندا، مىللىتىم ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا ئۆزەمنى ئاتىغاندىم.

1942 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خەلقئارانىڭ «شەرقىي
تۈركستان مۇستەقىل دۆلەت بولىدۇ» دەپ ئېلان قىلغان باياناتىنى
كۆرگىنىمدە، «دۇنيانىڭ ئۈزۈتى ئەمدى كەلدى. بىزگە ئازادلىق ھە
رىكىتى يېتىپ كەلدى» دەپ قاتتىق ئۈمىدلەنگەنىدىم. 1943 - يىلى
1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شەرقىي تۈركستان خەلقئارا كېلىشىمگە قول
قويغاندىن كېيىن «بىزگىمۇ يورۇق كۈن كەلدى» دەپ ھېس قىلغان
دىم. بۇ باياناتنىڭ ئۆزىمۇ جۇڭگو، چاۋشەن، پولشا، ۋېنگرىيە
رومىنىيە، رۇسىيە، موڭغۇلىيە خەلق پارتىيىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىنتېرنات
سىئونالىق ياردىمىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى ئىدى. مۇشۇ قارارنى
بىزگە يەتكۈزگەن كوشېۋ، ماجەرىيو گېنېرال، بايمورزىن، ئابدۇراخ
مان ئەيسا باتۇرلارمۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بەرگەنى
دى. ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىرى تەيىنلىنىپ، «شەرقىي تۈركستان ئۇيـ
ۇش كومىتېتى» تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە مەخپىي ئۈچ يەردە،
ئۈچ ئۇيۇش كومىتېتى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ تارباغاتاي ھەرىكىتىنىڭ
مەسئۇلى مەن ئىدىم.

مۇشۇ تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، مەن ئەڭ ئاۋۋال دىۋى
زىيون كوماندىرى، كېيىن شاۋەننىڭ ھاكىمى، ئۇنىڭدىن كېيىن تارباـ
غاتاينىڭ ۋالىسى بولۇپ تەيىنلەنگىنىمدە باتۇر قامزا شومتىباي شاـ
ۋەننىڭ ھاكىمى بولغانىدى.

بولغىنى يوق، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىڭىزلەر خەلق ئارىسىدىن تېپىۋېلىپ ئۇققان بولسىڭىزلار كېرەك.

رۇسىيە كونسۇلى مالىمان «ئاڭا كېلىپ شىنجاڭغا قۇچۇشى بول» دەپ تەكلىپ بەردى، بۇنداق مەنسەپ مېنىڭ ئىدىيەمدىن ئۆتمىدى، راستىمنى ئېيتسام، مەقسىتىم مەنسەپ ئىزدەش ئەمەس، شەرقىي تۈركىستان ئەڭ بولمىغاندا ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان بىر ئەل بولغان بولسا دەپ ئارمان قىلاتتىم. بۇ ئارمان مېنى ھازىر يىراققا ئاپىرىپ تاشلىدى. بىر چاغلاردا ئابلەي «ئىت تالاشسا بۆرىگە ئوزۇق بولىدۇ» دەپ يەكۈنلىگەنىدى. بىزنىڭ يىرىم ئەسىرلىك ھاياتىمىز دەل مۇشۇنى كۆرسەتتى. شىنجاڭدا ماڭا ئورۇن بولمايدىغىنىنى ئەن بالدۇرلا چۈشەنگەنىدىم.

بىزنى ئالداپ رۇسلارنىڭ تورىغا چۈشۈرمەكچى بولغان ئۆز مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان يالاقچىلارنىڭ پۈتنى ئۆزەڭگە سالغىنىغا ئالدىغا 30 يىلدىن ئاشتى. شۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ چۈشكەن بۈرمان، سەيپىدىن قاتارلىق سىياسىي يانچۇقچىلارنىڭ تەرەتخانا كۆزىتىپ ئۆلتۈرغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمىز.

كەرىم ئەپەندى سىزلەرنىڭ ھازىرقى دېڭ، خۇ، جاۋ باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمىتىڭىزلەر بىزنىڭ ئۆتكەنكى تارىخىي جەريانىمىزنى ئىلمىي يول بىلەن چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئىلمىي ئاساستا باھا بېرەلەيدىغان بولسا، ئۇنداقتا بىز ھەر قاچان تەييارمىز.

بىزنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەلىپىمىز — شەرقىي تۈركىستاندىن مۇسۇلمان مىللەتلەر ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرساق، تاشقى جەھەتتىن باشقۇرۇش ئوتتۇرى ھۆكۈمەتنىڭ نازارىتىدە بولسا دېگەننى بىز نەزەلدىن ئېيتىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ كۆز قاراشنى بىز ئىنتېرناتسىئونالدىن ئۆگەندۇق، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىن ئۆ-

گەندۇق. ئوچۇقنى ئېيتقاندا، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى تۇنجى قېتىم بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ماركس، لېنىن ۋە كوممۇنىستلاردىن ئۆگەنگەندۇق.

كەرىم ئەپەندى، ئۆز تەشەببۇسقاتىغا ئۆزى ھۆددە قىلالمىغان كوممۇنىستلارنىڭ خەلقئارادا قانچىلىك قىممىتى قالسۇن؟ ئۆزىڭىز دەڭسەپ باھا بېرەرسىز.

دۇنيا تۇغۇلدۇ. دۇنيا داۋاملىق ئۆسىدۇ، دۇنيا ئاقىدۇ. داۋاملىق ئالمىشىدۇ. سىياسىي ياپچۇقچىلار جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىنىڭ مۇشۇ نىقتىمىدىن ئاشالمايدۇ، بىزنىڭ يەكۈنىمىز مانا شۇ.

سىز ئارقىلىق بارلىق ئازاد، ئوغۇل - قىزلىرىغا سالام. مەملىكەتىمىزنىڭ ھازىرقى بارلىق - ھۆكۈمەت خادىملىرىغا سالام. ھازىرقى دۇنيادىكىلەردىن ئۈمىدىمىز بار. بىراق كۆڭچەندەك زور جاسارەت بىلەن بۇرۇلۇشنى ئاشالامدىكىن، ياكى يەنىلا ئۇچاتنىڭ ئۇچ ئۇتەدىن ئىزدەيدىغان ئوششاق تولۇقىدىن ئاشالماي قالامسىكىن، دەپ ئويلايمىز.

قىزىل جۇڭگو چوڭ دۆلەت. ئارىسىدىكى ئوززۇن دۆلەت. بىراق ھازىرقى زاماندا جۇڭگونىڭ چوڭى بار. چوڭنىڭ چوڭلۇق دەردى بار، ئۇنى بىزمۇ تولۇق چۈشىنىمىز. ھەر دۆلەتتە ئاتوم بار دەپ غەم قىلمايمىز. ھازىر 60 دۆلەتتە ئاتوم بار. مانا سىزلەر ئويلىغان ئوسمان تومى، قالبىك تومى دەپ ئاتالغان تومنىڭ خەلقئارالىق كېلىشىمگە ئانىت ماھىيىتىنى مەن سىزگە ئازراق ئېيتىپ بەردىم. كېيىنكى باغدا ئۇچۇقشۇن، جاڭ خېجوڭ، تاۋسىيۇ، بۇرھان، جانىمقان قاتارلىق قىزىل تۈرۈكلەر ئوسماننىڭ ئىچۇرىسىدا جەمشىتنىڭ قېبرى ئاللىرىنى سىتۇۋىلىپ يورۇپ ئۆزىنىڭدا روناق تاپقان. سىزنىڭ ئۆزئاراق ئويلاپ، يىرىم ئەسىرلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئىلمىي ئاساسىغا يە-

كۆنلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. «كېلەچەك پارلاق، يول ئەگرى - توقاي»، بىزنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئۈمىدىمىز مۇشۇ نەزەرىيەنى ئىسپاتلىدى. خېتىڭىزدا ئېيتىلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ 40 يىللىقىنى ھەقىقىي خاتىرىلەپ ئالىدىغان قەدەمنى تارىخ قاندىن ياراتقان. ئۇنى كېلەر يىلقى بەيگە مەيدانىدىن كۆرىدىغان بولىمىز. شۇنداق كۈن كەلسە، تۇغۇلغان يېرىگە يارىماي، تۇغۇلغان يۇرتنى كۆرەمدۇ، بۇ يىراق ئارىدا بىر كۆرۈشۈپ تۇرالمايدىغان بولىمىز.

يىراق جۇڭگو سىياسىي بېدىكىلىرىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئەنئەنىسى بىزنىلا ئەمەس، كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئۇنتۇردى. شۇنىڭ بىرى مەن بولۇپ، قېرى جەزدىگىز كېيىنكى ئۆمرىنى كۆزەتمەكتە. يېرىم ئەسىرلىك ھەرىكەتنىڭ تۈپ ئىگىسى ئالتاي، ۋەۋۇك ئىگىز ئىدى. كۆپلەپ قاراپ كۆرەرسەن. ئالتاينىڭ ئەھمىيىتى يۈزلىرىدە مەن ئېيتقاندەك. 1944 - يىلى 7 - نويابىردا ئىلىدا قوزغىلىش بولدى دېمەك جادۇگەرلەرنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىلاھى ئەھمىيىتى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقارغان ئەپسانىسى. ئۇ قوزغىلىشتا ئۆزىمىز شەرقىي تۈركىستان ئۆزۈش كومىتېتىنىڭ قارارىغا بىنائەن ئىشلىتىلگەن ئىشلار ئىدى. ھازىرچە شۇنداق چۈشىنىپ تۇرارسىز. كىشىنىڭ ياندىت ئىكەنلىكىنى مۇشۇ يېرىم ئەسىرلىك دەۋر ئىسپات بولدى. مەن تارباغاتايدا رۇسلارنىڭ بېسىمىغا چىدىيالماي ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەلگەنمەن. بۇرھانمۇ مېنى ئۈرۈمچىگە تارتىپ، ئۇنىڭ ماڭا تايانچىمۇ بولىدىغاندەك پوزىتسىيىدە بولغان. شۇ چاغدىكى ئۈزۈندىلا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالدىغا بۇرھاننىڭ بېشى كىملىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئەسكە ئالسام، «قازاقتا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان سارتنى تارىخ تەختى مەيدانىغا كەلتۈرگىنى يوق. قېرى چال ئۆز بېشىڭنى ساقلاپ قال» دېگىنىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى.

ئەڭ ئاخىرىدا ، شالىس ، ئابدۇكېرىم ، ئادىل ئۈچ ئادەم بىلەن يولۋاستىن ئاچچىقلاندىم. بۇنى ئۆزەڭ ئاڭلىغان ئىكەنسەن ، يولۋاسنىڭ ئوغلى زالىم جاقىيىپكىنىمۇ رەنجىدىم. بىراق يالغۇز بولغاچقا نېمە ئامالىم بولسۇن.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىمۇ يولۋاسنىڭ مېڭىش - تۇرۇشىنى كۆزىتىپ يۈرەتتى. مەن يولۋاسنىڭ پېيىنى قىرقىدىم ، بىراق تېخىچە ئۆچۈمنى ئالغىنىم يوق. تاغ چۆگىلىمىسە ، تاش چۆگىلەر ، سەۋر قىلىپ تۇرارسىزلەر.

مەن بىلەن ئۈچ يۈزنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ چېتىشلىقى يوق ئىدى.

كۆرۈشكىچە ئامال بولۇڭ ، يەنە خەت يېزىپ تۇرارسىز ، ئەل بىلەن كۆرۈشۈش نىسىپ بولسۇن.

خەت يازغۇچى ھاكىم قالىبېك ئۇكرداي

كەرىم ئەپەندى ، مەن ئۆزەمنىڭ ئېسىدە قالغان ھېكايىنى خەۋەرلەندۇرۇپ ئېيتتىم. ئالدىرىماي دىققەت بىلەن ئوقۇ ، ... نى كۆرسەڭ يىرتىۋەت ، ئارىمىزدا قالسۇن!

1983 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى.

قالىبەكنىڭ 85 - يىلى 3 - فېۋرالدىكى خېتى:

ئاققان سۇ ئوخلايدۇ ، دۈشمەن ئوخلىمايدۇ. تاغ - تاشلار مەسلىھەتلىشىپ بىرلىككە كەلدى ، ئويغاندى ، بىز قاچان قىزغىنىش ، بۆلۈنۈشنى تۈگىتىپ ، بىرلىككە كېلىمىز؟

كەرىم ئەپەندى ، سىزنىڭ 1983 - يىلدىكى خېتىڭىزغا جاۋابەن شەرققە قارشى پىكىرلىرىمنى مەملىكىتىمىزگە خىيانەت بولماس دېگەن مەقسەتتە ئۆزۈن يېزىپ 1983 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى پوچتىغا بەرگەنىدىم. سىزگە تەگمىگەن ئوخشايدۇ. شۇ خەتنىڭ چالا كوپىيە-

ـسنى تەكرار كۆچۈرۈپ ئەۋەتىپ ئۆلتۈرۈپتىمەن، تەكشۈرۈپ تۇزىتىپ ئوتۇۋۇڭ. ئالدىنقى خەت ھەر ھالدا غەربنى قىيمايدىغان بىرسىنىڭ قو-لىغا چۈشكەن بولسا كېرەك. كەرىم ئەپەندى، 30 - يىلدىن 75 - يىلغىچە بولغان 45 يىل شىنجاڭ خەلقىنى تۈرلۈك ئادالەتسىز ئاپەت-لەرگە دۇچار قىلدى، قارا تۇمانلىق، قانلىق كۈنلەرگە ئۇچراتتى. يۈز مىڭلىغان گۇناھسىز كىشلەر تۈرمىلەردە چىرىپ ئۆلدى، ئۇلارنىڭ بالىلىرى يېتىم قالدى، خوتۇنلىرى تۇل قالدى، ماللىرى مۇسادىرە قىلىندى، بۇلارنى ئويلىغاندا ئۈيقۇم ئېچىلىپ كېتىدۇ. جۇڭگو دۆلە-تىنىڭ بەش مىڭ يىللىق تارىخىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ چەك-لەنگەنلىكى، پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئايان. ھۆكۈمەت54 يىل ئىچىدە ئادىل قانۇننى يولغا قويماي، شىنجاڭ خەلقىنى قانغا بويىدى، يىغلاتتى. ئەڭ كۆپ زىيان چەككەن مىللەت قازاق مىللىتى بولدى، كۆپرەكى ئامالسىز مال - چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ماللارنى جۈت - ئاپەتكە دۇچراتماسلىق ئۈچۈن، كۆچۈپ - ماكان ئىزدەپ تۇردى. كەرىم ئەپەندى، بىز قىش دۇنيادىن تەسكىرىي تۇرۇشىمىزغا كۆرە، 75 - يىلدىن بېرى شىنجاڭ خەلقى كومپارتىيىنىڭ خەلق سۆيەر داھىلىرىنىڭ سايىسىدا يىلدىن - يىلغا كۆپ غەمخورلىقىغا ئىگە بو-لۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ياشىسۇن كومپارتىيە دېگەن سادالىرى دۇنيا-غا ئاڭلانماقتا، ئالقىش ئېيتماقتا. خەلقىمىزنىڭ كومپارتىيىدىن ئۈ-مىد قىلىدىغان ئىككى تىلىكى بار. بىرى، ھۆرىيىتىمىزنى بەرسە؛ ئىك-كىنچىسى، يېڭى ئېچىلغان يەرلەردىن شەھەر سالىدىغان ئورۇن بەر-سە، كومپارتىيىگە چوڭ رەھمەت ئېيتىمەن. سەۋەبى تاغ - باياۋانلار-نى ئۆزگەرتتى. خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تىنچلىق قۇردى.

كەرىم ئەپەندى:

هازىرقى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى سىنىپقا قاراپ تە-رەققىي قىلماي، مىللەتكە قاراپ بۆلۈنۈپ تەرەققىي قىلىدۇ. دۇنيادا 252 مىللەت بار، ئۇلار 190 چە دۆلەت بولۇپ بۆلۈنۈۋاتىدۇ. شۇڭا پۈتۈن دۇنيانىڭ مىللەتلىرى چوڭ تەشكىلات «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى»، ئۇيۇشقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىردىن كۆرەسىز ياخشى چۈشىنىدىغان بولىشىڭىز كېرەك.

ماركسىزم شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرىدۇ. بىرەر داھى، بىرەر پارتىيە ياكى ئۇلار تەشكىللىگەن بىرەر ھۆكۈمەتنىڭ ئارزۇسى بويىچە تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنى بولمايدۇ. هازىرقى جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنى پەيلو سوپ گېگىل بىلەن پەيلە سوپ ئاباي ئېيتقاندەك، ئىز تەرەققىيات يولى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۆ-سۈپ، ئېشىپ، ئالمىشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى بىرەر ئادەمنىڭ ئەق-لى بىلەن ئۆزگەرتەلمەيدىغان. مىڭ يىللىق پادىشاللىق دېسەم، مۇن-داق قانۇندىن سىزلەر ياخشى چۈشەنسىڭىزلەر كېرەك. قىزىل جۇڭگو-نىڭ 33 يىللىق تەمەللىيىتىدە، مۇشۇ ئالاھىدىلىكنى ئېتىراپ قىلماي تۇ-رالمايدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىدىكى «پاكىستان چەتنى-مەسلىك» كېرەك.

شەرقىي تۈركىستاندا يېرىم ئەسىر ھەقىقەتنى ئوق بىلەن ئۆلچەپ ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر، كىمنىڭ باندىت، كىمنىڭ بۆلگۈنچى، كىمنىڭ زومىگەر فاشىست ئىكەنلىكىنى تارىخنىڭ ئۆزى ئىنقىلاپ بەر-دى. غازىبىك بىيەنىڭ «ئارقىدا قىش بولمىسا، ئاق بۆكەن ئىمشىكە-كېيىنىدىغان» دېگىنىدەك، شۇنى، شەرقىي تۈركىستاندا بولۇپمۇ غەمخورچى بولۇپ كۆرۈنگەن كۈچلۈك دۆلەت باندىتلىرىنىڭ فاشىس-تىك كۈچلۈك ھەربىي سۇيىقەستى بولمىسا، بىزگە تۈركىيدە نېمە بار ئىدى. دۈشمەننىڭ 300 يىل يۈرگۈزگەن مۇداخىلىسى ئۆزئەزنى -